# ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى

# 7



1990 - يىل 6 - ئاي

# ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى

## (7)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئۈرۈمچى
شەھەرلىك كومىتېتى تارىخىي ماتېرىياللار كومىتېتى

# ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى

(7)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئۈرۈمچى شەھەرلىك
كومىتېتى تارىخىي ماتېرىياللار كومىتېتى تۈزگەن
ش ئۇ ئا ر قاتناش باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1990 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى

---

باھاسى: 1.50 يۈەن

# مۇندەرىجە


يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي سىياسىتى توغرىسىدا
بېرىلگەن دوكلات ...... ئەنۋەر ئېزىز تەرجىمىسى (1)
خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ھاياتى پائالىيەت-
لىرى ........................ شېرىپ خۇشتار (41)
شىنجاڭ «25 - سېنتەبىر» قوزغىلىڭىدىكى بىر قان-
چە ھالقىلىق مەسىلە ...... ئابلىمىت تەرجىمىسى (98)
چەت ئەل سودا فىرمىلىرى ۋە ئۇرۇمچىدىكى «سو-
داچەمبىرىكى» ...... ئەنۋەر ئېزىز تەرجىمىسى (112)
فۇمىن توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ... شېرىپ خۇشتار (127)
ئۇرۇمچىدە تۇنجى قېتىم ئېچىلغان قارا
دوسكا ................ باقى ئاخۇن تۇردى (136)
پېشقەدەم جامائەت ئەربابى ناسىربەگ ھەسەن
ئوغلى .................. شېرىپ خۇشتار (143)


**ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىش ئىزلىرى سەھىپىسى**


قاراڭغۇ زۇلمەتنى يورۇتقان نۇرلۇق يۇل-
تۇز .............. ئەنۋەر ئېزىز تەرجىمىسى (154)
ۋەتەنپەرۋەر ئىلغار ياشلارنىڭ مۇنەۋۋەر ۋە-

كىملى .......... ئىبادەت تۇردى تەرجىمىسى (181)
پارلاق يولدا مېڭىشقا ئىرادە باغلىدىم .........
....................... گۈەن بىڭۇن تەرجىمىسى (208)
ئوت يۈرەك ياش داڭ گو ....................
................ تۇرسۇن ئەمەت تەرجىمىسى (222)

# يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي سىياسىتى توغرىسىدا بېرىلگەن دوكلات

ۋاڭ شۇ چېڭ

تەھرىر ئىلاۋىسى: ۋاڭ شۇ چېڭنىڭ ئەسلى ئىسمى يۈي شۇ سۇڭ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ دەسلەپكى ئەزالىرىدىن بىرى، 1935 - يىلى 5 - ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا كېلىپ، جاھانگىرلىككە قارشى باش ئۇيۇشمىنىڭ باش كاتىپى، شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ مۇدىرى، قوشۇمچە 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. كىتابىمىزنىڭ 3 - سانىدىكى «يولداش يۈي شۇ سۇڭنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى» دېگەن ماقالىدا ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

بۇ ماقالە — يولداش يۈي شۇ سۇڭ 1937 - يىلى 4 - ئايدا ئېچىلغان «شىنجاڭ ئۆلكىلىك موڭغۇل ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى» دا قىلىنغان دوكلات بولۇپ، كېيىن جاھانگىرلىككە قارشى باش ئۇيۇشما ۋە شىنجاڭ گېزىتخانىسى تەرىپىدىن ئايرىم كىتابچە قىلىپ نەشر قىلىنىپ، ئەينى ۋاقىتتا مىللىي سىياسەتنى ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قىلىش ماتېرىيالى قىلىنغان.

## بىرىنچى، مىللىي مەسىلە — شىنجاڭدىكى ئەڭ ئاساسلىق مەسىلە

مىللىي مەسىلە نۆۋەتتە پۈتۈن دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ئەڭ ئېغىر، ئەڭ مۇرەككەپ، ھەل قىلىش ئەڭ قىيىن بولغان مەسىلىدۇر. ھازىر دۇنيادىكى مەيلى قايسى دۆلەتنى ئېلىپ ئېيتمايلۇق بىرلا مىللەتتىن تەركىب تاپقان بىرمۇ دۆلەت يوق، بارلىقىدىلا بىر قانچە، بىر نەچچە ئون، ھەتتا 100 دىن ئارتۇق مىللەت بىر دۆلەتنى شەكىللەندۇرگەن. بىر دۆلەتتىكى مىللەتلەرنىڭ تەركىبى ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ بولغاچقا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ مۇقەررەر ھالدا ئەڭ ئېغىر مەسىلە بولۇپ شەكىللەنگەن. لېكىن ھازىرقى دۇنيادا، يەنى جاھانگىر كۈچلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دۇنيادا، مەيلى قايسى دۆلەتتىكى مىللەتلەرنى ئالمايلۇق ئۇلار ئورۇن ۋە ھوقۇق مەنپەئەتتە باراۋەر ئەمەس. ئۇلار ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى، ئەزگۈچى مىللەت ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى، ئېزىلگۈچى مىللەت دەپ ئايرىلغان بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كۈنسايىن كەسكىنلەشمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جاھانگىرلىكنىڭ مۇستەملىكە سىياسىتى بارلىق كۈچى بىلەن پۈتۈن دۇنيادىكى ئارقىدا قالغان ئاجىز، كىچىك مىللەتلەرنى ئېزىش ۋە ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىش

ئاپتورنىڭ ماركسىزملىق مىللەت قاراشقا ئاساسلىنىپ بايان قىلغان تۈرلۈك نۇقتىئىنەزەرلىرى، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ شىڭ شىسەيگە ياردەملىشىپ مىللىي سىياسەتنى تۈزۈپ چىقىش ۋە ئۇنى بېجىرىشتە نەزەرىيەۋى ئاساس بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ماركسىزملىق مىللەت قاراشنى تەشۋىق قىلىشتا ئۆلگىلىك تەلىم - تەربىيە ماتېرىيالى بولۇپ قالغانىدى. بۇ ماقالە ئەينى ۋاقىتتا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغان، ئۇنىڭدىكى بەزى كۆز قاراشلار ھېلىھەم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن كىتابىمىزدا ماقالىنىڭ تولۇق تېكىستى ئېلان قىلىندى ھەمدە ئەينى ۋاقىتتىكى بىر قانچە ئەھۋاللارغا قىسقىچە ئىزاھات بېرىلدى.

پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھوقۇقلۇق قېرىنداشلارنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرى: بۈگۈن مەن سىزلەرگە يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ① مىللىي سىياسىتى ھەققىدە دوكلات بەرمەكچىمەن. دوكلاتىمنى تۆت قىسىمغا بۆلۈپ سۆزلەيمەن: بىرىنچىسى، مىللىي مەسىلە — شىنجاڭدىكى ئەڭ ئاساسلىق مەسىلە؛ ئىككىنچىسى، شىنجاڭنىڭ ئاپرېل ئىنقىلابىدىن ② ئىلگىرى ۋە كېيىنكى مىللىي مەسىلىسى؛ ئۈچىنچىسى، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ھىمايە قىلىش؛ تۆتىنچىسى، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ھەقىقىي توغرا ئىجرا قىلىش — شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇزۇنغىچە ئىناق ئۆتۈشىنىڭ كاپالىتى.

بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇلار شىنجاڭدا
نەچچە مىڭ يىللىق، نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا
ئىگە، شۇڭا شىنجاڭ ھەرگىزمۇ مەلۇم بىر مىللەت مۇس-
تەقىل ياشاپ كەلگەن شىنجاڭ بولماستىن، بەلكى پۈتۈن
شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئورتاق ياشاپ كەلگەن
شىنجاڭ. يەنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى شىنجاڭ-
نىڭ خوجايىنى. ھەر مىللەت قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇ-
ناسىۋەت ئىناق بولمايدىكەن بىزنىڭ شىنجاڭدا بىھۇدە
ئىشلار تۇغۇلىدۇ، ئۆچمەنلىشىش، ئۆزئارا قىرغىن قى-
لىش ۋە ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى يۈز بېرىدۇ، جاھان-
گىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرايمىز ۋە ھالاك بولى-
مىز. شىنجاڭنىڭ 2، 3 مىڭ يىللىق تارىخى، بولۇپمۇ
يېقىنقى ئۈچ يىلدىكى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىق تارىخى⑥
بىزگە تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىمىزنى ئەسلەتمەي
قالمايدۇ. بىز شۇنى ئېنىق تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى،
ئەگەر شىنجاڭدىكى مىللىي مەسىلە توغرا ھەل قىلىنماي-
دىكەن، ئۇنداقتا ھېچقانداق مەسىلىدىن ئېغىز ئېچىش
مۇمكىن بولمايدۇ، ھەتتا ھاياتىمىز، مال-مۈلكىمىز،
كالا-ئات، قوي قاتارلىق مال-ۋارانلىرىمىزنىڭ بىخە-
تەرلىكىمۇ كاپالەتكە ئىگە بولمايدۇ.

شۇڭا مىللىي مەسىلە-گەرچە شىنجاڭدىكى بىردىن-
بىر مەسىلە بولمىسىمۇ، لېكىن ئەڭ ئاساسلىق مەسىلە.
مىللىي مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىش — شىنجاڭدىكى بارلىق
مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ تۈگۈنى، يېڭى ھۆكۈمىتىمىز-

بولماقتا. ئاقىۋەتتە بۇ پۈتۈن دۇنيادىكى ئېزىلگۈچى
مىللەتلەرنى ئويغىتىپ، پۈتۈن دۇنيادا مىللىي ئازاد-
لىق ھەرىكەتنىڭ دولقۇنىنى شەكىللەندۈردى.

جۇڭخۇا مىنگو — دۇنيادىكى ئۇلۇغ دۆلەت. مىللەت ئىنتايىن مۈرەككەپ. لېكىن ھەممىمىز جاھانگىرلىكنىڭ، بولۇپمۇ ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ئېزىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچرىماقتىمىز. مانا بۇ خىل ۋەزىيەت ئاستىدا بىز پەقەت ئىچكى جە-ھەتتە ھەر مىللەت قېرىنداشلار باب-باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ، سىرتقا قارىتا جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى، ئېزىشى ۋە ئاسارىتىگە قارشى تۇرغىنىمىزدىلا ئاندىن دۆلەت مۇنقەرز بولۇپ، نەسلىمىز قۇرۇش خەۋپىدىن ساقلىنالايمىز.

شىنجاڭغا كەلسەك مىللىي مەسىلە تېخىمۇ ئېغىر. شىنجاڭ ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ چەت بىر ئۆلكىسى، مىل-لەتلەر ئىنتايىن مۈرەككەپ. ھازىر بىزنىڭ بىلىدىغىنى-مىزدىن خەنزۇ، ئۇيغۇر، موڭغۇل، خۇيزۇ، مانجۇ، قازاق، شىبە، سولون③ تاتار، ئۆزبېك، قىرغىز، تاجىك، تاران-چى④، گۇيخۇا⑤ دىن ئىبارەت 14 مىللەت بار، ئەمە-لىيەتتە بۇ شىنجاڭدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنى پۈتۈنلەي ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كېتەلمەيدۇ، مۆلچەرلىشىچە ھازىر شىنجاڭدا ئاز دېگەندە 20—30 دىن ئارتۇق مىللەت بار. بۇ قېرىنداش مىللەتلەر تىل، ئۆرپ-ئادەت، دىن-نىي ئېتىقاد، ئىقتىسادىي تۇرمۇش قاتارلىق جەھەتلەردە

لەن قارايدىغان، بىر-بىرىگە ئىشەنمەيدىغان، بىر-بى-
رىنىڭ پېيىنى قىرقىشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن تارىختۇر.
يىراقتىن سۆز ئاچماي، مىنگودىن بۇيانقى ياڭ، جىن
دەۋرىنى ئېلىپ ئېيتساقلا بۇنىڭغا ئەڭ روشەن ئەمەلىي
پاكىت بولالايدۇ. ياڭزىڭشىن، جىن شۇرىنلار ئۆز دىكتاتۇ-
رىسىنى يۈرگۈزگەندە شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ ئېغىرلىقىنى
بىلمىگەن ئەمەس، شۇنداقلا مىللىي سىياسەت بولمىغانى-
مۇ ئەمەس. بەلكى ئۇلارنىڭ يۈرگۈزگىنى مۇستەملىكە
تۈسى ئالغان ئىنتايىن ئەكسىيەتچىل مىللىي سىياسەت
بولدى.

ياڭ، جىن دىكتاتۇرلىقىنىڭ مۇستەملىكە تۈسى
ئالغان مىللىي سىياسىتى دېگىنىمىز نېمە؟ ياڭ، جىن-
لار جۇڭگودىكى مىللىتارىست، بيۇروكراتلار. ئۇلارنىڭ شىن-
جاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى گەرچە جاھانگىرلارنىڭ ھۆكۈمرانلى-
قى، شىنجاڭغا مۇستەملىكە قاتارىدا ھۆكۈمرانلىق قىلىش
دەرىجىسىگە تۇشمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار قوللانغان ھۆكۈم-
رانلىق ئۇسۇللىرى دەل جاھانگىرلارنىڭ ئۆز مۇستەملى-
كىلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزى. خۇد-
دى لۇ، ۋېي ھاكىمىيىتىگە⑦ ئوخشاش بىر-بىرىدىن
قېلىشمايدىغان ئەبلەخلەردۇر. ئۇلار شىنجاڭدا يۈرگۈز-
گەن مانا بۇ خىل مۇستەملىكە تۈسى ئالغان مىللىي
سىياسەت — دەل يالغۇز خەنزۇلارنىلا قەدىرلەيدىغان چوڭ
مىللەتچىلىك. ئۇلار باشقا مىللەتلەرنى ئىرقچىل تۇردە
كەمسىتىپ، ئالداپ، ئېزىپ، ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە قىر-

نىڭ بىرىنچى قاتاردىكى ۋەزىپىسى.

شۇڭا يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ئىنتايىن توغرا مىللىي سىياسىتىنى موگغۇل قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىپ، ئۇنى تېخىمۇ تىرىشچانلىق ۋە ساداقەتلىك بىلەن ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن، مىللىي مەسىلە توغرىسىدا مەخسۇس دوكلات بېرىش بۇ قېتىملىق قۇرۇلتاينىڭ كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى.

## ئىككىنچى، شىنجاڭنىڭ ئاپرېل ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى مىللىي مەسىلىسى

شىنجاڭدا مىللىي مەسىلىسى مۇشۇنداق مۇھىم ئىكەن، مانا شۇنداق مۇھىم بولغان مىللىي مەسىلىنى يېڭى ھۆكۈمىتىمىزنىڭ توغرا ھەل قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىشىمىزگە ئاسان بولۇشى ئۈچۈن، ياخشىسى ئاپرېل ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى مىللىي مەسىلىنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

ئاپرېل ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى شىنجاڭدا مىللىي مەسىلە توغرا ھەل قىلىنىپ باققان ئەمەس. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى شىنجاڭنىڭ ئاپرېل ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى تارىخىي — ئەڭ ئېچىنىشلىق مىللىي قىرغىنچىلىق تارىخ، كىشىنىڭ ئوغىسىنى ئۆرلىتىدىغان مىللىي زۇلۇم تارىخ، مىللەتلەر بىر-بىرىگە گۇمان بە-

ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ قىرغىنچىلىققا ئايلاندى.

پەقەت شانلىق ئاپرېل ئىنقىلابىلا شىنجاڭدىكى بۇ خىل مىللىي قىرغىنچىلىق ۋە ئۆچمەنلىككە خاتىمە بېرىپ، توغرا مىللىي سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويدى. رېئال تۇرمۇشتا تۇنجى قېتىم جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىدا ھەل قىلىنمىغان كېلىشەلمەسلىك مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلدى. بىز شۇنداق ئېيتالايمىزكى، ھازىر دۇنيا بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدىلا مىللىي مەسىلە پۈتۈنلەي توغرا ھەل قىلىنغاندىن باشقا، پەقەت شانلىق ئاپرېل ئىنقىلابىدىن كېيىنكى بىزنىڭ شىنجاڭدىلا توغرا مىللىي سىياسەت بارلىققا كەلدى. پۈتۈن دۇنيا ئىنسانىيەت تارىخى، جۇڭگو تارىخى جۇملىدىن بىزنىڭ شىنجاڭ تارىخىدىكى بۇ ئەڭ مۇرەككەپ، ئەڭ ئېغىر، ھەل قىلىش ئەڭ قىيىن بولۇپ كېلىشەلمەسلىك مىللىي مەسىلە ئەمىلىي تۇرمۇشىمىزدا ھەل قىلىندى.

ئاپرېل ئىنقىلابىدىن بۇرۇن، بىزنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆز ئارا ئارازلىشىپ، بىر-بىرىنى چەتكە قېقىپ، بىر-بىرىنى قىرغىن قىلىپ كەلگەنىدى. ھازىر بىز ھەر مىللەت قېرىنداشلار ئۆز ئارا ئىناق-ئىتتىپاق، بىر-بىرىمىزگە ياردەملىشىپ كۆپچىلىك بىرلىكتە تىنچ ھايات كەچۈرمەكتىمىز.

ئاپرېل ئىنقىلابىدىن بۇرۇن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئورۇن ۋە ھوقۇق جەھەتلەردە تەڭسىز ئىدى.

غىن قىلىپ كەلدى. سىياسىي جەھەتتە پۈتۈنلەي تەڭسىز مۇئامىلە قىلدى. خەلققە قىلچە ئەركىنلىك بەرمىدى؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە پۈتۈنلەي فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە شەكلىنى قوللىنىپ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قان-تەرىنى شورىدى. مۇنبەت يەرلىرىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلەپ ئالدى. ئۇلار ئادەم قېنىنى شورىغۇچى چايانلاردۇر. مەدەنىيەت جەھەتتە ئۇلار پۈتۈنلەي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى يوقىتىش غەرىزىدە بولدى؛ خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ خەلقنىڭ ئىلىمگە بولغان ئىنتىلىشىنى بوغدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، ھەر مىللەت قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى چەك-چېگرىنى ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە ئايرىپ، ئۆز ئارا ئىشەنمەسلىك، بىر-بىرىدىن ئەنسىرەش، گۇمانلىنىش، ئۆچمەنلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماستىن بەلكى خەنزۇ قېرىنداشلار ئارىسىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش كەيپىيات پەيدا قىلدى.

مانا بۇ خىل مىللىي سىياسەت ئاقىۋەتتە شىنجاڭنىڭ سىياسىي جەھەتتە زۇلمەتتە قېلىش، چىرىكلىشىش، ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر ئىزدا توختاپ قېلىش ۋە خارابلىشىش، مەدەنىيەت جەھەتتە قالاقلىق ۋە كەينىگە چېكىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مىللىي باراۋەرسىزلىك كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلاشتى. مىللىي ئۆچمەنلىك كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلەشتى، ئاقىۋەتتە بۇ پۈتۈن شىنجاڭدىكى

دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز پۈتۈن شىن-جاڭدىكى موڭغۇل قېرىنداشلار ئۆز مەدەنىيىتىمىزنى يۇقى-رى كۆتۈرۈش، ئىقتىسادىي تۇرمۇشىمىزنى ئالدى بىلەن چارۋىچىلىق ئىقتىسادىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ياخ-شىلاش ئارقىلىق باشقا مىللەت قېرىنداشلار بىلەن بارا-ۋەر ئورۇندا تۇرۇش، كۆپچىلىك سەمىمىي ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزىمىزنىڭ يېڭى، تېخىمۇ ئالىي، تېخىمۇ بەختلىك، پارلاق ۋە تىنچ تۇرمۇشىمىزنى يارىتىش ئۈچۈن، ئۆز تا-رىخىمىزدا تۇنجى قېتىم پۈتۈن ئۆلكە بويىچە موڭغۇل ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى چاقىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بول-دۇق. بۇنىڭ ھەممىسىنى ئاپرېل ئىنقىلابى بەخش ئەت-تى. شۇڭلاشقا بۇگۈنكى قۇرۇلتىيىمىزدا ئاپرېل ئىنقىلابىدى-كى باتۇر ئەزىمەتلەرگە، پۈتۈن ئۆلكىدىكى 14 مىللەت تۆت مىليون ئاممىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كۈرەشكەن قەھرىمان جەڭچىلەرگە ئۆز تەشەككۇرىمىزنى بىلدۈرمەي تۇرالماي-مىز. ئۇلار بىز ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قۇربان قىل-دى. ئۇلار بىزگە پارلاق ئىستىقبال ئېچىپ بەردى. ئاپ-رېل ئىنقىلابىنىڭ 4 يىللىقى ھارپىسىدا بىز ئۇلارغا ئەڭ ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرمەي تۇرالمايمىزا بارلىق ۋە-كىللەر ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرەيلى.

## ئۈچىنچى، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى

## ھىمايە قىلىش

يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي سىياسىتى — شانلىق ئاپرېل ئىنقىلابىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ غەلىبىلىرىنىڭ بىرى.

روُندا توُراتتى. هازىر ھەر مىللەت قېرىنداشلار پۈتۈنلەي باراۋەرلىك ئاساسىدا ئەركىن تۇرمۇش كەچۈرمەكتە:

ئاپرېل ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ھازىر بىز ھەر مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى تېز تەرەققىي قىلماقتا.

ئاپرېل ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم يوق ئىدى. ئۇ چاغدىكى كونا ھۆكۈمەت خەلقىنىڭ غېرىمىنى يېمەيلا قالماستىن، بەلكى تۈرلۈك ئېغىر باج-سېلىقلارنى ئويلاپ چىقىرىپ ئەمگەكچى خەلقىنىڭ قان-تەرىنى شورىغان ئىدى. ھازىرقى يېڭى ھۆكۈمىتىمىز ھەممە ئىشتا خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلايدۇ. ئېغىر باج، سېلىقلار ئەمەلدىن قالدى. خەلقىنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن-كۈنگە ياخشىلانماقتا.

دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلەرنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ مۇستەملىككە تۇسى ئالغان مىللىي سىياسىتىگە قارشى تۇرىمىز.

دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئاپرېل ئىنقىلابىنىڭ مەھسۇلى بولغان يېڭى ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتى، ئۇنىڭ بىر بۆلىكى بولغان توغرا مىللىي سىياسەتنى چىن دىلىمىزدىن ھىمايە قىلىمىز.

مايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئاپرېل ئىنقىلابىدىن بۇرۇن هۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرغان مىللەتنىڭ، مەسىلەن، خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئالاهىدە ئىمتىيازلىرى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇندىن كېيىن هەر قانداق بىر مىللەتنىڭ باشقا هەر قانداق بىر مىللەت ئۈستىدىن هۆكۈمرانلىق قىلىشى ۋە ئېزىشىگە يول قويۇلمايدۇ، هەر مىللەت قېرىنداشلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەهەتتە هەممە مىللەت بىردەك تەرەققىي قىلىش شارائىتى ۋە ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى پەقەت شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، يېڭى هۆكۈمەت، نۆۋەتتە بەزى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي جەهەتتە ئارقىدا قېلىش سەۋەبى هەرگىز جاهانگىرلار ۋە فاشىزمچىلارنىڭ ئۈچىغا چىققان بىمەنە ئىرقچىلىق نەزەرىيىسىدە ئېيتىلغىنىدەك بولماستىن، بەلكى تارىختىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مىللىي زۇلۇم كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ قارايدۇ. شۇڭلاشقا ئىلغار بولغانلىكى مىللەت چوقۇم مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادتا قالاق هالەتتە تۇرۇۋاتقان مىللەتلەرگە قېرىنداشلارچە ياردەم قىلىشى، ئۇلارنى بىر قەدەر ئىلغار مىللەتلەر سەۋىيىسىگە يېتىش ۋە داۋاملىق تەرەققىي قىلىشقا قاراپ يېتەكلىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندا، پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن

مەشھۇر «12-ئاپرېل» ئىنقىلابىنىڭ خىتابنامىسىدە ھەممە مىللەت بىردەك باراۋەر بولۇش شوئارى ئالدى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ شوئار ئاپرېل ئىنقىلابىدا ئىنتايىن ئۇلۇغ رول ئوينىدى، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور. يىغىنىمىزنىڭ 2-كۈنى ئۇلۇغ داھىيمىز شىڭ دۇبەن⑧ «8 ماددىلىق خىتابنامە»⑨ دە مىللىي باراۋەرلىك سىياسىتىنىڭ قىممىتىنى ئىنتايىن توغرا تەرىپلەپ ئۆتتى. يېڭى ھۆكۈمەت مىللىي سىياسەتكە ئەنە شۇنداق كۆڭۈل بۆلمەكتە، يېڭى ھۆكۈمىتىمىز ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ پۈتكۈل نەزەرىيە سىستېمىسى ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسىي سىياسەتنى رېئال تۇرمۇشىمىزغا ئايلاندۇردى.

يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئاساسىي مەزمۇن جەھەتتىن تۆۋەندىكى بەش نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

1. ھەممە مىللەت بىردەك باراۋەر بولۇش پرىنسىپى. بۇ پرىنسىپ — يېڭى ھۆكۈمەت مىللىي سىياسىتىنىڭ ئاساسىي يادروسى. ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي سىياسىتى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا ئۇنى مىللىي باراۋەرلىك سىياسىتى يەنى ھەممە مىللەت بىردەك باراۋەر بولۇش سىياسىتى دەپ ئاتايمىز. بۇ ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس. ئۇنداقتا ھەممە مىللەت بىردەك باراۋەر بولۇش دېگەن نېمە؟ بۇ دېگەنلىك بىرىنچىدىن، شىنجاڭدىكى بارلىق مىللەتلەر بىردەك باراۋەر. ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى مىللەت بولمايدۇ؛ ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى مىللەتمۇ بول-

لىق كىشىلەر يۇقىرىراق، مۇھىمراق ۋەزىپىلەرگە تەيىن-
لىنىدۇ؛ قابىلىيىتى ئاجىزراقلار كىچىكرەك، ئانچە مۇ-
ھىم بولمىغان ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىنىدۇ. شۇڭا قابىلىيە-
تىگە قاراپ ئىشلەتكەندىلا ھەركىمنىڭ قابىلىيىتىنى جا-
رى قىلدۇرغىلى، قابىلىيىتىگە قاراپ ۋەزىپىگە تەيىنلى-
گىلى بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا ئىش بۇزۇلىدۇ. ئۇنىڭ
ئۈستىگە ھۆكۈمىتىمىز تەشكىللىك، قانۇندا بەلگىلەنگەن
شتاتقا ئىگە. يۇقىرى رەھبەرلىك ئورگانىنىڭ رەھبىرىي
خادىملىرىنىڭ بەلگىلىك سان چەكلىمىسى بار. شىنجاڭ-
دىكى 14 مىللەتتىن 14 دۇبەن، 14 رەئىس ۋە 14
مۇئاۋىن رەئىس قويۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، بۇ چۈ-
شىنىشلىك قائىدە دەلىل بولالايدۇ. بۇنداق قىلمىغاندا
تامامەن خاتا بولۇپلا قالماستىن بەلكى شىنجاڭدىكى
ھەر مىللەت قېرىنداشلارنىڭ تىنچ تۇرمۇشىغا بۇزغۇنچى-
لىق قىلغانلىق بولىدۇ. چۈنكى جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ
گۇماشتىلىرى مۇشۇنداق سۇيىقەستلەرنى ئىشقا سېلىپ
شىنجاڭنىڭ تىنچلىقى ۋە بىرلىكىنى بۇزۇش غەرىزىدە
بولماقتا. شۇڭلاشقا ھازىر ھۆكۈمەتنىڭ ئادەم ئىشلىتىش
فاڭجېنى: بىر تەرەپتىن قابىلىيىتىگە قاراش، يەنە بىر
تەرەپتىن مىللىي تەركىبىگە دىققەت قىلىشتۇر. مىللىي
كادىرلارنى يېڭىدىن ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى تەربىيىلەپ،
ئۇلارغا ياردەم بېرىپ، ھەر مىللەت قېرىنداشلارنى ھو-
قۇقتىن باراۋەر بەھرىمان بولۇش پىرىنسىپى ئاستىدا
سىياسىي تۇرمۇشقا ئورتاق قاتنىشىش ئىمكانىيىتىگە ئى-

ھەممە مىللەت بىردەك باراۋەر بولدى دېيىشكە بولىدۇ.
يېڭى ھۆكۈمىتىمىز مىللىي سىياسەتنى دەل مۇشۇنداق
ئىجرا قىلىۋاتىدۇ. كۆپچىلىككە مەلۇمكى ياڭ، جىنلارنىڭ
مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە سىياسىي جەھەتتە ھۆ-
كۈمرانلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇلار ئىدى،
باشقا مىللەت كىشىلىرىدىن بەزى ۋاقىتلاردا ئەمەل تۇت-
قانلار بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ناھايىتى ئاز سان-
نى تەشكىل قىلاتتى. ھازىرچۇ؟ يۇقىرىدا ئۆلكىلىك ھۆ-
كۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزا-
سى، نازىر، مۇئاۋىن نازىرلار، مەھكىمىلەرنىڭ
باشلىق، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىم،
بۆلۈم باشلىقى ۋە مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقلىرى، ئىدارە
باشلىقى ۋە مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىرىدىن تارتىپ تا-
كى ھەر قايسى ئورگان خادىملىرىغىچە ھەممە مىللەت
كىشىلىرىدىن تەركىب تاپتى. شۇڭلاشقا ھەر قايسى مىل-
لەتلەر سىياسىي جەھەتتە باراۋەر مۇئامىلىگە ئېرىشتى
دەپ ئېيتالايمىز. بىراق بۇ يەردە ئىزاھلاپ ئۆتۈشىمىز-
گە تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى، ھازىر ھۆكۈمىتىمىز
ئادەم ئىشلەتكەندە بىر تەرەپتىن ئەلۋەتتە مىللىي بارا-
ۋەرلىك سىياسىتىگە ئاساسەن، مىللىي تەركىبكە ئالاھى-
دە دىققەت قىلىشى، بىراق شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا
ئادەمنىڭ قابىلىيىتىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. چۈن-
كى ھۆكۈمەت ۋەزىپىسىنىڭ چوڭ - كىچىكى بولغىنىدەك
ئادەمنىڭ ئىقتىدارىمۇ يۇقىرى - تۆۋەن بولىدۇ. ئىقتىدار-

2. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنى
يۈكسەلدۈرۈش ۋە ياخشىلاش. يېڭى ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ
مىللىي باراۋەرلىك سىياسىتىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇش ئۈچۈن، ئەلۋەتتە ئەڭ زور كۈچ سەرپ قىلىپ ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ بولۇپمۇ ئارقىدا قالغان
قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي
تۇرمۇشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ۋە ياخشىلىشى لازىم.
چۈنكى ئىقتىسادىي تۇرمۇش — خەلقنىڭ پۈتكۈل تۇرمۇشى-
نىڭ ماددىي ئاساسى. ئەگەر ئارقىدا قالغان مىللەت-
لەرنىڭ ئىقتىسادىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە ياخ-
شىلاشقا ئېتىبار بېرىلمەيدىكەن مىللىي باراۋەرلىك پرىن-
سىپىنى ھەقىقىي تۈردە تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇم-
كىن ئەمەس. ئۇنداق مىللىي سىياسەت ساختا بولۇپ
مەسىلىنى ھەقىقىي ھەل قىلالمايدۇ. شۇڭا يېڭى ھۆكۈ-
مەت ئۆزىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى يولغا قويۇشتا ئالدى
بىلەن مۇستەملىكە تۈس ئالغان ئېكسپىلاتاتسىيە شەك-
لىنى يوقىتىشى، مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغا
پۇتلىكاشاڭ بولغانلىكى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ،
ھەر مىللەت خەلقىنى باراۋەر تەرەققىي قىلىش پۇر-
سىتى ۋە ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا، ئەڭ قالاق ھالەتتە تۇرۇۋاتقان مىللەتلەرنىڭ
ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئالاھىدە
ياردەم بېرىشى لازىم. يېڭى ھۆكۈمەت بۇ جەھەتتىكى
خىزمەتلەردە ئالدى بىلەن شىنجاڭدىكى بىر قەدەر ئار-

گە قىلىش لازىم. بۇ، بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆت-
كەن مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپىغا تامامەن ئۇيغۇن.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭى ھۆكۈمىتىمىز ئۆ-
زىنىڭ مىللىي باراۋەرلىك سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇش ئۈچۈن، ئۆلكە بويىچە ئىككى قېتىم ھەر مىللەت
خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى (1934 - يىلى 4 - ئايدا
چاقىرىلغان تۇنجى قېتىملىق ۋە 1936 - يىلى 4 - ئاي-
دا چاقىرىلغان 2 - قېتىملىق ئۆلكىلىك ھەر مىللەت
خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى) نى چاقىرىپ جايلاردا
خەلق ئۇيۇشمىلىرىنى⑩ قۇردى، ھازىر ئۆلكە مەركىزىدە
بۇ تەشكىلاتنىڭ باش ئۇيۇشمىسى بولۇشتىن تاشقىرى
يەتتە ۋىلايەتتە شۆبە ئۇيۇشما، 38 ناھىيىدە تارماق ئۇ-
يۇشمىسى بار. يەنە ئىككى ناھىيىدە تارماق ئۇيۇشما قۇ-
رۇشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلىنىۋاتىدۇ. بۇ تەش-
كىلات ئەزالىرىنىڭ تەركىبى جەھەتتە شىنجاڭدىكى مە-
لۇم بىر مىللەت ئادەم سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ئۆلچەم
قىلىنماي بەلكى مىللەت بىرلىك قىلىندى. بۇنداق قىلى-
غاندا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى تەڭ ھوقۇقتا
بۇ ئاممىۋى تەشكىلاتقا قاتنىشىپ، ھەر مىللەت خەلقى-
نىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. بۇ تەشكىلات پۈ-
تۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش،
ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي باراۋەرلىك سىياسىتىنى ئىجرا قى-
لىش جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم رولغا ئىگە.

قىلىپ، موڭغۇل قېرىنداشلىرىمىزغا ياردەملىشىپ سىلەر-
نىڭ چارۋىچىلىق ئىشلىرىڭلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىقتىسادىي تۇرمۇشۇڭلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ يەنىمۇ ئالىي باسقۇچقا يەتكۈزۈش، تۇرمۇشۇڭلارنى تېخىمۇ خاتىرجەم قىلىش، ئىقتىسادىڭلارنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش-تىن ئىبارەت. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا ئۇلۇغ باشچىمىز، يۈي تىڭجاڭنىڭ ⑪ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرى توغرىسىدىكى دوكلاتى، خۇتىڭجاڭنىڭ ⑫ مالىيە دوكلاتى، شۇنىڭدەك لاھىيە كومىتېتى تۈزگەن ئۈچ يىللىق پىلان ⑬ لايىھىسىگە قارىتا يولىيورۇق بەردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈن مىللىي سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

3. مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش. بىز دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ تارىخىي، ئۆزىنىڭ ئۆرپ-ئادىتى، ئۆزىنىڭ تىل ۋە يېزىقىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىمىز. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا ھەممە مىللەتنىڭ ئۆز مەدەنىيىتى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىدە ئىلغارلىق ۋە قالاقلىقتىن ئىبارەت پەرق مەۋجۇت ئەلۋەتتە. لېكىن بۇ خىل پەرق ئەزەلدىنلا بار بولماستىن، ئۇنى ئۇزۇن يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى تۈرلۈك ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي شارائىتلار تەدرىجىي شەكىللەندۈرگەن. ھەر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى شۇ مىللەت تارىخىدا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە. ئۇنى ئادەم كۈچىگە تايىنىپ يوقىتى-

قىدا قالغان قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ چارۋىچىلىق
ئىشلىرىنى ياخشىلاش ۋە گۈللەندۈرۈشكە ئالاھىدە ياردەم
بېرىشى، ئۇلارغا قارىتىلغان چارۋىچىلىق بېجىنى ئىسلاھ
قىلىشى، تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئۇلارنىڭ ھا-
زىرقى نامرات، كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىقتىسادىنى بىر
قەدەر يۇقىرى يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىغا كۆتۈرۈشى،
ئۇلارنىڭ يەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىغا ياردەملىشىپ،
خاتىرجەم ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى، شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى
يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشى لازىم. بىر ئېغىز سۆز بىلەن
ئېيتقاندا، ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىمىز، تۇرمۇشىمىزنى
ئۆزلۈكسىز ياخشىلايمىز، يېڭى شىنجاڭنى قۇرۇشتىن ئى-
بارەت شەرەپلىك ئۇلۇغۋار ئىشقا ئورتاق قاتنىشىمىز
دەيدىكەنمىز — ھازىر بىر قەدەر قالاق ھالەتتە تۇرۇ-
ۋاتقان قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنى
باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى
بىلەن ئوخشاش سەۋىيىگە يەتكۈزۈشىمىز كېرەك. ئۇلۇغ
داھىيمىز شىڭدۇبەن ئۆتكەن يىل چاقىرىلغان شىنجاڭ
ئۆلكىلىك قازاق، قىرغىز ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا بۇ سىيا-
سەتنىڭ روھىنى پۈتۈنلەي توغرا شەرھلىدى. نۆۋەتتە
ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە قازاق، قىرغىز ۋەكىل-
لەر قۇرۇلتىيىنىڭ قارارلىرى بىرمۇ بىر ئىجرا قىلىن-
ماقتا. بۇ قېتىملىق ئۆلكىلىك موڭغۇل ۋەكىللەر قۇرۇل-
تىيىنىڭ بىر مەركىزىي ۋەزىپىسى — بۇ سىياسەتنى ئىجرا

نەشىر قىلىشى، مەكتەپ ئېچىش، پەرزەنتلىرىنى تەربىيە-لەشكە بولىدۇ. لېكىن مەزمۇن جەھەتتە چوقۇم ھۆكۈ-مەتنىڭ ئالىتە بۈيۈك سىياسىتىنى ئاساس قىلىشى، ھېچبولمىغاندا ئالتە بۈيۈك سىياسەتكە خىلاپ كەلمەس-لىكى لازىم دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، پەقەت مۇشۇنداق بولغاندىلا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تىنچ - ئىتتىپاقلىقنى مۇستەھكەملىگىلى، مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى تېز راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ. ئۇلۇغ يولباشچىمىز شىڭ دۇبەن ئۆز ئەسەر، نۇتۇقلىرىدا ۋە بۇ قېتىمقى قۇرۇل-تايدا سۆزلىگەن سۆزىدە، ھەر مىللەتنىڭ ئۆز مەدەنىيە-تىنى يۈكسەلدۇرۇش ھەققىدە بەرگەن يوليورۇقلىرىنىڭ ھەممىسىدە بىزنىڭ بۇ سىياسەتنى ئىجرا قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىپ كەلدى.

يېڭى ھۆكۈمىتىمىز بۇ مىللىي سىياسەتنى يولغا قويغاندىن بۇيانقى قىسقىغىنە ئۈچ يىلدا ھەر قايسى مىل-لەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ھەقىقەتەنمۇ ئۇچقاندەك راۋاج تاپتى. مائارىپ نازارىتىنىڭ مىنگونىڭ 25 - يىلىدىكى ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا ھازىر ئۆلكە بويىچە مەكتەپلەر ياك، جىمى دەۋردىكىدىن 24 ھەسسىدىن كۆپرەك، ئوقۇ-غۇچىلار 75 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشقان. بۇ نەقەدەر تېز تەرەققىيات - ھە! بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا بىز مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى جاڭ ⑭ نىڭ ئۆلكىمىزنىڭ مائا-رىپ ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ، يېڭى ھۆكۈمەت قوللانغان مائارىپ فاڭجېنىنىڭ پۈتۈنلەي توغرا

ۋېتىش، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس.
مۇمكىن بولمايلا قالماستىن مۇنداق قىلىنسا ئەكسىچە مىللەتلەر
ئوتتۇرىسىدىكى ئازارلىق تېخىمۇ ئۇلغىيىدۇ، مىللەتلەر
ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنمەسلىك ۋە گۇمان تېخىمۇ چوڭقۇر-
لىشىدۇ، ھەتتا ئۆچمەنلىك ۋە قىرغىنچىلىقنى كەلتۈرۈپ
چىقىرىدۇ. ئۆتمۈشتىكى تارىخىي ساۋاقلار بىزگە مۇشۇن-
داق چۈشەندۈرگەن. شۇڭا يېڭى ھۆكۈمىتىمىز ھەر مىل-
لەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن
ئىبارەت مىللىي سىياسەتكە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلىدىغان
شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى راۋاجلان-
دۇرۇش دېگەن نېمە؟ بۇ دېگەنلىك بىرىنچىدىن، ھەر
مىللەت قېرىنداشلار ئۆزىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىپ
گېزىت - ژۇرنال نەشر قىلىشى، مەكتەپ ئېچىشى، پەر-
زەنتلىرىنى تەربىيىلەپ ئۆز مەدەنىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈ-
رۈشكە پۈتۈنلەي مۇمكىن؛ ئىككىنچىدىن، ھەر مىللەت
قېرىنداشلارنىڭ ئۆزىنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادىتى ۋە دىنىي
ئېتىقادىغا ئەمەل قىلىشىغا پۈتۈنلەي مۇمكىن، باشقا
مىللەتلەرنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ، ئادەم كۆچمكە
تايىنىپ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىنىڭ دەخلىسىگە
ئۇچرىمايدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، مىللەتنى شەكىل، ئالتە بۇ-
يۇك سىياسەتنى مەزمۇن قىلغان مىللىي مەدەنىيەتنى
تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك، دېگەنلىك. بۇ — ھەر مىل-
لەتنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىنى قوللىنىپ گېزىت - ژۇرنال

موڭغول ئۇيۇشمىسى تەسىس قىلغان ۋە ھۆكۈمەت
تەسىس قىلغان موڭغول ـ قازاق باشلانغۇچ مەكتەپتىن
ئۆلكە مەركىزىدىكى موڭغول، قازاق مەكتىپىدىن باشقا،
باشقا جايلاردا 11 ى بار، ھازىر ئۆلكىدە
بويىچە ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەردە 1229 نەپەر موڭ-
غول ياش ئوقۇۋاتىدۇ.

ھۆكۈمىتىمىز ئوتتۇرىغا قويغان مىللەتلەرنىڭ ئەن-
ئەنىۋى مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش شوئارىنى
ئىجرا قىلىشتا ھەر مىللەت ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئىنتايىن
زور رول ئوينىغانلىقى بىزگە ئايان. ھازىر ئۆلكىمىزنىڭ
ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈ-
دەك ھەر قايسى مىللەتنىڭ مەدەنىيەتىنى ئىلگىرى سۈ-
رۈش ئۇيۇشمىلىرى تەشكىلىي بارلىققا كەلدى. ئۇيغۇر
ئۇيۇشمىسىنى ئېلىپ ئېيتساق باش ئۇيۇشمىدىن تاشقىرى،
سەككىز ۋىلايەتلىك شۆبە ئۇيۇشما، 41 ناھىيىلىك شۆبە
ئۇيۇشما، 23 يېزا ـ كەنت تارماق ئۇيۇشما بار. قازاق ـ
قىرغىز ئۇيۇشمىسى باش ئۇيۇشمىسىدىن باشقا، بەش
ۋىلايەتلىك شۆبە ئۇيۇشما، سەككىز ناھىيىلىك شۆبە
ئۇيۇشما بار. خۇيزۇ ئۇيۇشمىسى باش ئۇيۇشمىدىن باشقا،
ئۈچ ۋىلايەتلىك شۆبە ئۇيۇشما، 14 ناھىيىلىك شۆبە
ئۇيۇشما بار. بىزنىڭ موڭغول ئۇيۇشمىسىدىن باش
ئۇيۇشمىسىدىن باشقا، ھازىر ئۈچ ناھىيىلىك شۆبە ئۇ-
يۇشما بار. بۇندىن باشقا، ئىلى ۋىلايىتىدە تاتار، رۇس
ئۇيۇشمىلىرى بار. يېقىندا يەنە ئۆلكە مەركىزىدە خەنزۇ

ئمكەنلمكمنى، شۇڭلاشقا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەتنىڭ مەدە-
نىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ مۇۋاپپەقىيەت-
لەر قولغا كېلىپ، بۇندىن كېيىنكى تەرەققىياتقا چەك-
سىز پارلاق ئىستىقبال ئېچىلغانلىقىنى بىلدۇق.

بۇ تەرەققىيات — ھەر مىللەت مەدەنىيىتىنى ئىلى-
گىرى سۈرۈش ئۈيۈشمىلىرىنىڭ يېقىنقى ستاتىستىكىسىغا
ئاساسلانغاندا يېڭى ھۆكۈمىتىمىز مىللىي سىياسىتىنىڭ
مەدەنىيەت سېپىدىكى غەلىبىسىنىڭ تېخىمۇ روشەن ئىسپاتى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى 1936 - يىلى 1736 باشلان-
غۇچ مەكتەپ ئاچقان، 124 مىڭ 174 ئوقۇغۇچى ئوقۇ-
غان؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپتىن ئۈچنى
ئاچقان، 440 ئوقۇغۇچى ئوقۇغان؛ ئون پېداگوگىكا
سىنىپىنى ئاچقان، 535 ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈرگەن؛
ئاممۇى مەكتەپتىن 115 نى تەسىس قىلغان، 4760 ئوقۇ-
غۇچى ئوقۇغان. دېمەك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى جەمئىي 1980
مەكتەپ ئاچقان، 129 مىڭ 469 نەپەر ئوقۇغۇچى
ئوقۇغان.

قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىسى 207 مەكتەپ تەسىس
قىلغان، جەمئىي 10 مىڭ 194 ئوقۇغۇچى ئوقۇغان.

خۇيزۇ ئۇيۇشمىسى 37 مەكتەپ تەسىس قىلغان،
تەخمىنەن 2700 دىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى ئوقۇغان.
ئۆلكە مەركىزىدە ئاممۇى مەكتەپتىن سەككىزى بار،
280 ئوقۇغۇچى ئوقۇۋاتىدۇ، 200 ئوقۇغۇچى سىرتتىنا
ئوقۇۋاتىدۇ.

ھانگىرلىك دۇنياسىدا، مەلۇم بىر دىن باشقا دىنلارنى چەتكە قاقىدىغان ياكى خەلقنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىنى چەكلەيدىغان فاشىست دۆلەتلەردىن باشقا، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىكى بارلىق دۆلەتلەر قانۇنىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى پرىنسىپى بەلگىلەنگەن. يېڭى ھۆكۈمەت دېموكراتىيە تۈزۈمىدىكى ھاكىمىيەت ئىكەن، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، بۇرژۇئازىيە دېموكراتىك تۈزۈمگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئەينى ۋاقىتتا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ «يېڭى ھۆكۈمەت دىنغا قارشى تۇرىدۇ.» دېگەن تۆھمەتلىك پىتنە - پاساتلىرىنى ئېچىپ تاشلىدى؛ ئۈچىنچىدىن، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مۇرەككەپ، مىللەتلەرنىڭ ئېتىقاد قىلىدىغان دىنىمۇ ئوخشىمايدۇ، ئەگەر دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويمىغاندا تارىختىكى دىنىي ئۆچمەنلىك، قىرغىنچىلىق پاجىئەسى شىنجاڭدا قايتا يۈز بېرىش خەۋپى مەۋجۇت. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش شوئارىنىڭ ئەھمىيىتى: — بىرىنچىدىن، ھەر مىللەت خەلقى ئۆز قەۋمىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىشتا باشقىلارنىڭ سىياسىي چەكلىمىسى ۋە توسقۇنلۇقلىرىغا ئۇچرىمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ھەر مىللەت خەلقى دىنىي ئېتىقادنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن بىر - بى‍ـ

ئۇيۇشمىسىمۇ قۇرۇلدى.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، يېڭى ھۆكۈمىتىمىز يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ھەر مىللەت ياشلىرىدىن 339 نى ئىناق دوستىمىز سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھەر خىل پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يېڭى شىنجاڭنى قۇرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ ئوقۇغۇچىلاردىن تاشقىرى، ھەر مىللەت ياشلىرىدىن 253 ى بار، بىزنىڭ موڭغول ياشلىرىدىنمۇ 23 ى بار.

بۇ نەتىجىلەرنىڭ ھەممىسى يېڭى ھۆكۈمىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ غەلىبىسى، ئالدى بىلەن ھەر مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش شوئارىنىڭ غەلىبىسى.

4. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش. بۇ شوئارمۇ يېڭى ھۆكۈمىتىمىز مىللىي سىياسىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى. يېڭى ھۆكۈمەت نېمە ئۈچۈن بۇ شوئارنى ئوتتۇرىغا قويىدى؟ بىرىنچىدىن، ھۆكۈمىتىمىز دىنىنىڭ — شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى بىرخىل ئېتىقادى، بىرخىل ئاڭ، بىر خىل مەدەنىيەت ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. يېڭى ھۆكۈمەت ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ھۆكۈمىتى بولغاچقا، ھەر قايسى مىللەتلەر ئېتىقاد قىلىدىغان دىنغا ئېتىبار بېرىشى تۇرغان گەپ؛ ئىككىنچىدىن، ھازىرقى جىنا-

لىكىنىڭ غالچىلىرىنىڭ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشى
ۋە سۈيقەستلىك ھىيلە - مىكىرلەرنى ئىشلىتىشى ئار-
قىلىق ئالدام خالتىسىغا چۈشۈرۈشتىن ساقلاپ، ھەر-
مىللەت، ھەر ساھە ئوتتۇرسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى مۇس-
تەھكەملەش؛ ئىككىنچىدىن، ھەر مىللەتنىڭ ۋاڭ - گۇڭ،
بېيلى، بېيزى، باشلامچى، تۆرە، گىگەن، ئۆلىما،
لاما، ئاقساقال قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھەر مىللەت
ئارىسىدا يۇقىرى ئىززەت - ئابرويغا ئىگە، خەلق
نەڭ ئېتىقاد قىلىدىغان رەھبەرلەردۇر. ھۆكۈمەتنىڭ
بۇ شۇئارنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويۇشى — ئۇلارغا
ئەھمىيەت بېرىش، ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ
ئېغىرلىتىش، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆز خەلقىغە ھۆ-
كۈمەتنىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىدىغان،
ئۆز ھۆكۈمىتىنى ھىمايە قىلىدىغان، ھۆكۈمەتنىڭ ئالتە
بۈيۈك سىياسىتىنى ئىجرا قىلىدىغان قىلىش ئۈچۈندۇر؛
ئۈچىنچىدىن، شىنجاڭ — ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ بىر
ئۆلكىسى. جاھانگىرلىك ئالدى بىلەن ياپون جا-
ھانگىرلىكى — بىز 14 مىللەت، 4 مىليون قېرىنداش
بىلەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى 400 مىليون قېرىنداش-
نىڭ ئورتاق دۈشمىنى. بىراق، بۇ ئورتاق دۈشمەننى
يوقىتىش بىرلا مىللەت، بىرلا ساھەنىڭ قولىدىن
كەلمەيدۇ. بەلكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئىتتىپاق-
لاشقان بىرلىكسەپ تۈزگەندىلا يوقىتىش مۇمكىن.
ھۆكۈمەتنىڭ بۇ شۇئارنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويۇشى

رىگە تۆھمەت چاپلىشىپ ئۆچمەنلەشمەيدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ھەر مىللەت قېرىنداشلار ئۆز مىللىتىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى جارى قىلدۇرۇپ ۋە گۈللەندۈرۈپ يېڭى ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىدۇ، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ئالتە بۇيۇك سىياسىتىنى ئىجرا قىلىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ھەر مىللەتنىڭ دىنىنى گۈللەندۈرگىلى، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۇزاققىچە تىنچ ۋە ئىتتىپاق ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

5. ۋاڭ - گوڭ، بېيلى، بېيزى، گىڭگەن، ئۆلىما، لاما، ئاقساقال قاتارلىقلارنىڭ ھوقۇقى ۋە ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىش. بۇ شوئارمۇ يېڭى ھۆكۈمىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىدىكى مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى. ھۆكۈمىتىمىز - خەلقنىڭ ھۆكۈمىتى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى 14 مىللەت، 4 مىليون خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەيدۇ. نېمە ئۈچۈن بۇ شوئار ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويۇلدى؟ ھۆكۈمەتنىڭ بۇ شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنىڭ ئاساسىي ئەھمىيىتى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىدىن ئىبارەت: بىرىنچىدىن، جاھانگىرلىك ۋە جاھانگىرلىكنىڭ غالچىلىرىنىڭ «يېڭى ھۆكۈمەت ھەر مىللەتنىڭ ۋاڭ - گوڭ، بېيلى، بېيزى، گىڭگەن، ئۆلىما، لاما، ئاقساقاللىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتى ۋە ئورنىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ.» دېگەنگە ئوخشاش پىتنە - پاسات، سۇيقەستلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇلارنى، جاھانگىرلىك ۋە جاھانگىر-

ئاقساقاللىرى ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ئەجرى ۋە ئېتىبار بېرى-
شىنى چۈشىنىشىمىز، ئۆز مىللەت خەلقىمىز ئىچىدە ھۆكۈ-
مەتنىڭ خەلقچىل سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىشىمىز، بولۇپمۇ
ئالدى بىلەن سىلەر ئۆزۈڭلەر ھۆكۈمەتنىڭ خەلقچىل
سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشىڭلار لازىم. ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن
چارۋىچىلىق بېجىنىڭ سىرتىدا ئۆز قېرىنداشلىرىڭلارغا
ھەدىدىن ئارتۇق سېلىق سالماسلىقىڭلار، ئۇلارنىڭ
زېمىسىگە ئارتۇقچە يۈك يۈكلىمەسلىكىڭلار لازىم. بۇ-
نىڭ ئۆزىمۇ ھەر مىللەت يولباشچى، يېتەكچىلىرىنىڭ
ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى چۈشەنگەنلىكى ۋە ئىجرا قىلى-
غانلىقىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىپادىسى.

يېڭى ھۆكۈمىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ ئاسا-
سىي مەزمۇنى مۇشۇنداق ئىكەن بىزنىڭچە بۇ مىللىي
سىياسەت تامامەن توغرا، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى
ۋە ئېھتىياجىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلىدۇ، ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، شۇڭا ئۇلار
تەرىپىدىن ھىمايە قىلىنىدۇ.

يېڭى ھۆكۈمىتىمىزنىڭ بۇ مىللىي سىياسىتى—ئۇ-
لۇغ داھىيمىز شىڭ دۇبەن ئوتتۇرىغا قويغان جاھانگىرلىك-
كە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بو-
لۇش، ھەممە مىللەت ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش، پاك
بولۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىش-
تىن ئىبارەت ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ پۈتكۈل نەزەرىيە
سىستېمىسى ئىچىدىكى بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتكىلى بول-

ھەر مىللەتنىڭ باشلامچى، يېتەكچىلىرىنى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت شەرەپلىك، مۇقەددەس ئازادلىق كۈرىشىگە قاتنىشىشقا چاقىرىشتىن ئىبارەت.

شۇڭا، ئۆتكەن يىل چاقىرىلغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك قازاق، قىرغىز ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ قارار لايىھەسىدە مۇنداق دەپ ئىنتايىن توغرا ئېيتىلغان: «يېڭى ھۆكۈمەتنى چىن كۆڭلىدىن ھىمايە قىلغان، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتىنى ساداقەتلىك بىلەن ئىجرا قىلغان، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتىگە ھېسداشلىق قىلغان، ھېچ بولمىغاندا يېڭى ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ سىياسىتىگە قارشى چىقمىغان، جاھانگىرلارغا قول چوماق بولۇپ شىنجاڭنىڭ تىنچلىقىغا بۇزغۇنچىلىق سالمىغانلىكى ۋاڭ - گۇڭ، گىگەن، ئاخۇن، لاما، ئاقساقاللارنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتى ۋە ئورنىغا ھۆكۈمەت بىردەك كاپالەتلىك قىلىدۇ».

ئىراق، سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە شۇنىمۇ ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى: ھۆكۈمەت يۇقىرىقى سەۋەب ۋە شەرتلەرگە ئاساسەن، ۋاڭ - گۇڭ، بېيلى، بېيزى، بەگ، تۆرە، گىگەن، ئاخۇن، لاما، ئاقساقاللارنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتى ۋە ئورنىنى ساقلاپ قېلىش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىكەن، ھەر مىللەتنىڭ كاتتىباش ۋە رەھبەرلىرى، بۈگۈنكى كۈندە بولۇپمۇ بىز پۈتۈن ئۆلكىدىكى مۇڭغۇللارنىڭ يولباشچى،

ئامما ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۇنى ئىزىنىق تونۇپ يېتەلمىدۇ، ئىمشەنچىسىنى يوقىتىدۇ ھەمدە ئۇنى چۆرۈپ تاشلايدۇ. شۇڭا، توغرا ۋە ياخشى سىياسەتنىڭ قىممىتى ھۆكۈمەت تەرەپكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، تۆۋەن دەرىجىلىك ئورگان ۋە خەلق ئاممىسى تەرەپكە نىسبەتەن ئېيتقاندا قىممىتى ئىجرا قىلىشتا. يىغىپ ئېيتقاندا ھەر قانداق سىياسەتنىڭ ياخشى ۋە توغرىلىقى پەقەت ئەمەلىيەت جەريانىدىلا ئىسپاتلىنىدۇ. ھازىر ھۆكۈمىتىمىزنىڭ مۇشۇنداق توغرا سىياسىتى بولغان ئىكەن ھەمدە ھەر دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ مۇشۇ بويىچە ئىجرا قىلىشى ھەققىدە قايتا - قايتا يوليورۇق بېرىلگەن ئىكەن، ئەمدىكى مەسىلە — بىز ھەم سىلەرنىڭ بۇ توغرا سىياسەتنى بىرلىكتە ھەقىقىي ئىجرا قىلىشىمىزدا، بىردەك ھەرىكەتكە كېلىپ كەڭ خەلق ئاممىسىغا تەشۋىق قىلىشىمىز ۋە چۈشەندۈرۈشىمىزدە بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ ھەر مىللەتنىڭ ئىلغار كىشىلىرى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاممىسىغا ھەقىقىي رەھبەرلىك قىلىپ يېڭى ھۆكۈمەتنى بىردەك ھىمايە قىلىشى ۋە ئۇنىڭ سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشى لازىم. شۇنى قايتا تەكىتلەيمەنكى: توغرا سىياسەتنى چوقۇم ساداقەتلىك بىلەن ئىجرا قىلىش كېرەك.

ئۇنىدىن باشقا، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي سىياسىتىنى سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي سىياسىتىنى بۇزمىلايدىغان

مايدىغان مۇستەقىل بىر سىياسەتتۇر. بۇ مىللىي سىياسەت ۋە ئالتە بۈيۈك سىياسەت پۈتۈن شىنجاڭدىكى 14 مىللەت، 4 مىليون خەلقىنىڭ قەلبىنى يورۇتۇپ، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش، جۇڭگونى ئازاد قىلىش، جاھانگىرلىكنى يوقىتىشتىكى ئۇلۇغ تۇغ ۋە قۇدرەتلىك قورالغا ئايلاندى.

**ئۈچىنچى، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ھەقىقىي توغرا ئىجرا قىلىش — شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزئارا ئىناق ئۆتۈشىنىڭ كاپالىتى**

يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتى ۋە ئۇنىڭ بىر بۆلىكى بولغان مىللىي سىياسەت مۇتلەق توغرا. ئۇ، پۈتۈنلەي شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئەمەلىيىتى، جۇڭگونىڭ ئورنى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتكە ئاساسەن بارلىققا كەلگەن. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئېھتىياجىغا تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. شىنجاڭدىكى 14 مىللەت 4 مىليون خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە پۈتۈنلەي ۋەكىللىك قىلىدۇ. بىراق، توغرا سىياسەت بولۇپ ھەقىقىي توغرا ئىجرا قىلىنمىسا بۇ سىياسەت يەنىلا ئاق قەغەزدىكى قارا خەتتىن ئىبارەت قۇرۇق خىتابنامىلا بولۇپ قالىدۇ - دە، ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. بەزىدە ئاممىنى قايمۇقتۇرالىغان، ئاممىدىن پايدىلىنالىغان ھالەتتىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا

تاشلانمىسا، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي سىياسىتىدىن
قانداقمۇ سۆز ئاچقىلى بولسۇن، شىنجاڭدىكى 14 مىل-
لەتنىڭ سەممىي ئىتتىپاقلىقىدىن قانداقمۇ سۆز ئاچقى-
لى بولسۇن، پۈتۈن جۇڭگودىكى 400 مىليون قېرىنداش
بىلەن جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىكسەپتە تۇرۇپ، جا-
ھانگىرلىككە، ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان ياپون جا-
ھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش، دۆلەت زېمىنىمىزنىڭ پۈ-
تۈنلىكى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىنچ
تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن قانداقمۇ سۆز ئاچقىلى
بولسۇن؟ شۇڭا بۇ خىل كۆز قاراشمۇ ئوخشاشلا يېڭى
ھۆكۈمىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىگە مۇناسىپ كەلمەي-
دۇ. بىزگە مەلۇم، بىز خەنزۇ قېرىنداشلاردىكى يۇرت-
ۋازلىق قارشى ۋە ئۇيغۇر قېرىنداشلاردىكى رايونۋازلىق
قارشى ئەزەلدىن ناھايىتى ئېغىر؛ شۇنىڭ بىلەن بىر-
گە بىز موڭغۇل قېرىنداشلار ئىچىدىكى قەبىلە ئايرىمى-
چىمۇ ئىنتايىن ئېغىر. بىزنىڭ قارشىمىزچە بۇ خىل
كۆز قارشىنى بۇزۇپ تاشلىماي بولمايدۇ. جۇڭگودا
قەدىمكىلەرنىڭ مۇنداق بىر سۆزى بار: «ئەلگە قوشۇل-
ساڭ ئەر بولارسەن، ئەلدىن ئايرىلساڭ يەر بولارسەن»،
دېمەك بىز شىنجاڭدىكى 14 مىللەت — بىر ئائىلىدىكى
جانجىگەر 14 قېرىنداش. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە
نېمە دەپ بىر مىللەت ئىچىدىكى قېرىنداشلار قانداقتۇ
يۇرت، مەھەللە ۋە قەبىلىۋازلىق قىلىپ، ئۆز ئارا بۆلۈ-
نۈپ، جاھانگىرلارنىڭ سەنىمىگە ئۇسۇل ئوينايمىز؟ شۇڭا

بارلىق ناتوغرا ئىدىيە، سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى رەھىمسىز-
لىك بىلەن پاش قىلىش لازىم. بىرىنچىدىن، چوڭ مىل-
لەتچىلىككە چوقۇم قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. چۈنكى
چوڭ مىللەتچىلىك — ھۆكۈمران مىللەت ئۆزىنى ھەددى-
دىن زىيادە ئۈستۈن چاغلاپ باشقا بارلىق مىللەتلەرنى
كەمسىتىدىغان ۋە ئۇلارغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان
چېكىدىن ئاشقان مىللەتچىلىكتۇر. بولۇپمۇ ھازىر بۇ
خىل مىللەتچىلىكنى جاھانگىرلار، فاشىستلار تەلۋىلەرچە
كۆككە كۆتەرمەكتە. بۇ يېڭى ھۆكۈمىتىمىزنىڭ مىللىي
سىياسىتىگە، ئالدى بىلەن ھەممە مىللەت بىردەك بارا-
ۋەر بولۇش پرىنسىپىغا مۇتلەق توغرا كەلمەيدۇ — ئەلۋەت-
تە؛ ئىككىنچىدىن، يەرلىك مىللەتچىلىككە چوقۇم قارشى
تۇرۇشىمىز لازىم. چۈنكى يەرلىك مىللەتچىلىك — ئۆت-
مۈشتە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغان بىر مىللەت مەلۇم بىر
زېمىننى ھامان ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى دەپ ھېساب-
لاپ باشقا بارلىق مىللەتلەرگە ئۆچمەنلىك بىلەن قا-
رايدىغان ۋە ئۇلارنى چەتكە قاقىدىغان بىر خىل تار مىل-
لەتچىلىكتۇر. بۇ خىل مىللەتچىلىك جاھانگىرلارنىڭ قولىدى
كى ئويۇنچۇق. بۇھەم يېڭى ھۆكۈمىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسى-
تىگە مۇتلەق توغرا كەلمەيدۇ — ئەلۋەتتە؛ ئۈچىنچىدىن، بار-
لىق يۇرتۋازلىق ياكى رايونۋازلىق قاراشلىرىغا قەتئىي قارشى
تۇرۇشىمىز لازىم. چۈنكى بۇ خىل قاراش ئارقىدا قالغان مىللەت-
لەر ئىچىدىكى ئەڭ قالاق بىر خىل قاراشتۇر. ئەگەر
بىر مىللەت كىشىلىرى ئىچىدە بۇ خىل قاراش بۇزۇپ

سۇيقەست ئىشلىتىپ باشقىلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىش، ھەتتا ئاشكارا ئىشغال قىلىشتىن ئىبارەت. جاھانگىرلار-بولۇپمۇ ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ بىزنىڭ شىنجاڭغا نىسبەتەن بۇ خىل تاجاۋۇزچىلىق ئۇسۇللىرىنى تەڭلا ئىشقا سالغانلىقى بىزگە مەلۇم. ھەر مىللەت قېرىنداشلار ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، كۆپچىلىكنى ئاز بولمىغان زىيانلارغا ئۇچراتقانلارمۇ بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆپچىلىك ئۆز بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەن، تېتىپ كۆرگەن. ھازىر، جاھانگىرلارنىڭ مۇنداق سۇيقەستلىرىنىڭ ھەممىسى بىرمۇ-بىر ئېچىپ تاشلانغان، بىرمۇ-بىر يوقىتىلغان بولسىمۇ، بىراق جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ قولچوماقلىرى شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىش ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش سۇيقەستلىك غەرەزىدىن يالتىيىپ قالغىنى يوق. يالتايمىدىلا ئەمەس بەلكى بەزى جايلاردا بىزنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىمىزگە ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ قارا نىيىتى تېخىمۇ جىددىيلىشىدۇ، تېخىمۇ غالجىرلىشىدۇ. بىز پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتى، بولۇپمۇ مىللىي سىياسىتىنى تىرىشچانلىق، سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلساقلا، بىز 14 مىللەت، 4 مىليون قېرىنداش جاھانگىرلىككە قارشى پولات ئىستىھكامغا ئوخشاش مۇستەھكەم بىرلىكسەپ تۈزۈپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىقنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ، تېخىمۇ

بىز، بۇخىل چوڭ مىللەتچىلىك، يەرلىك مىللەتچىلىك، يۇرتۋازلىق، مەھەللىۋازلىق كۆز قاراشلىرى شۇنىڭدەك مەلۇم بىر قەبىلە باشقا بىر قەبىلە بىلەن مەڭگۈ ئەت-تىپاق ئۆتمەسلىكتەك ئاداۋەتلەرگە قارشى تۇرۇش — يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە باشلىنىشى دەيمىز.

ئاندىن قالسا، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي سىياسە-تىنى سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىت-تا، جاھانگىرلارنىڭ دۇنيادىكى بارلىق ئاجىز ۋە ئۇش-شاق مىللەتلەرگە قاراتقان سۇيىقەستلىك ھىيلە-مىكىر-لىرىنى چوقۇم تارمار قىلىش كېرەك. جاھانگىرلىك — پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق ئاجىز، ئۇششاق مىللەتلەرنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. ئۇلار بىز ئاجىز، ئۇششاق مىللەتلەر-نى ئەسلى نەسلىدىن پەس مىللەت، قارا خەلق، شۇڭا ئۆزلىرىدەك ئېسىل مىللەت، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھۆكۈم-رانلىق قىلىشى، ئېزىشى، تاجاۋۇز قىلىپ قىيردىشىغا ئۇچرىشى لازىم دەپ قارايدۇ. جاھانگىرلارنىڭ ئاجىز، ئۇششاق مىللەتلەرگە تاجاۋۇز قىلىشتا ئادەتلەنگەن ئۇ-سۇللىرى — مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىياتقا بۆل-گۈنچىلىك سېلىش، قۇتراتقۇلۇق قىلىپ مىللەتلەر ئار-سىدا ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىش، پىتنە-ئىغۋا تارقىتىپ جېدەل تېرىش ئارقىلىق توپىلاڭدىن تۇغاچ ئۇغرىلاپ، دۈشمىنى ئارقىلىق دۈشمىنىنى تىزگىنلەش، ياغلىما سۆز قىلىش، ساختىپەزلىك قىلىپ باشقىلارنى ئاخماق قىلىش،

غىن قىلماقتا. بىزگە مەلۇم، ياپون جاھانگىرلىكى ئاپرېل ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئەنە شۇ خىلدىكى سۇيىقەستلىكلەرنى ئىشلىتىپ، ئېغىۋالارنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، ئاز ساندىكى غالچىلارنى سېتىۋېلىپ قانداقتۇ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ⑮»، «بۈيۈك ئىسلام دۆلىتى»نى تەشكىل قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنغانىدى. ياپون جاھانگىرلىكى ھازىر يەنە سۈيىۋۆندە بىز موڭغۇللار ئىچىدىن چىققان رەزىللىكتە ئۇچىغا چىققان دې ۋاڭ ۋە بىز خەنزۇلار ئىچىدىن چىققان رەزىللىكتە ئۇچىغا چىققان لى شۇشىن ئېقىمىدىكىلەرنى سېتىۋېلىپ مانجۇ دۆلىتىگە ئوخشىغان قانداقتۇ «موڭغۇل دۆلىتى» تەشكىللەپ، بىز موڭغۇل ۋە خەنزۇ قېرىنداشلارنى قول قىلىپ قان - تەرىمىزنى شوراش قەستىدە بولۇۋاتىدۇ. بۈگۈن بىز پۈتۈن شىنجاڭ، پۈتۈن جۇڭگو ۋە پۈتۈن دۇنياغا شۇنى جاكالايمىزكى: بىز موڭغۇللار ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىنگو خەلقى، شىنجاڭدىكى 14 قېرىنداش مىللەتنىڭ بىرى. بارلىقىمىز دۇنيادىكى ئېزىلگۈچى مىللەتلەرمىز، بىزنى ئېزىۋاتقان، بىزگە تاجاۋۇز قىلىۋاتقان جاھانگىرلار بىزنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئورتاق دۈشمىنىمىز. پەقەت كۆپچىلىك بىر نىيەتتە يېڭى ھۆكۈمىتىمىز ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى قەتئىي سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلىپ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تۈرلۈك سۇيىقەستلىك ھىيلە - مىكىرلىرىنى قىلچە رەھىم قىلماستىن ئېچىپ

تېرىشچانلىق بىلەن يېڭى شىنجاڭ قۇرۇدىغانلا بولساق، جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان بارلىق سۇيقەستلىك ھىيلە - مىكىرلىرىنى بىتچىت قىلالايمىز؛ شۇنداق قىلغاندىلا يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتى، مىللىي سىياسىتى تېخىمۇ ئۇلۇغ، يېڭى غەلىبىلەرگە ئېرىشكۈسى.

ئاخىرىدا، ئۆلكىلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىمىز پۈتۈن شىنجاڭدىكى موڭغۇل قېرىنداشلارغا ۋەكالەتەن، پۈتۈن شىنجاڭدىكى بارلىق موڭغۇل قېرىنداشلارنى، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ بىز موڭغۇل قېرىنداشلارغا قاراتقان شەرمەندىلەرچە ئالدامچىلىقى ۋە ئاخماق قىلىشىنى رەھىمسىزلىك بىلەن قەتئىي ئېچىپ تاشلاشقا چاقىرىدۇ. ياپون جاھانگىرلىكى كۆتۈرۈپ چىققان قانداقتۇ مانجۇ — موڭغۇل ئىمپېرىيەسى ۋە بۈيۈك موڭغۇل ئىمپېرىيەسى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ بىز موڭغۇل قېرىنداشلارغا تاجاۋۇز قىلىشتىكى بىر خىل سۇيقەستلىك ھىيلە - مىكىرىدىن ئىبارەت خالاس. ئۇلار دەسلەپىدە تۇرلۇك ياغلىما سۆزلەر بىلەن بىزنى ئالدىدى ۋە ئەخمەق قىلدى. غالچىلارنى سېتىۋىلىپ قوشۇنىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئارقىدىنلا ئايروپلان، توپ - زەمبىرەك، زەھەرلىك گازلار بىلەن قېرىنداشلىرىمىزنى قىردى. ياپون جاھانگىرلىكى ھۇشۇ ئۇسۇل بىلەن شەرقىي شىمالدىكى تۆت ئۆلكىمىزنى ئىشغال قىلىۋالغان، ھازىر يەنە شۇ خىلدىكى سۇيقەستلەرنى ئىشلىتىپ سۈييۈەندىكى قېرىنداشلىرىمىزنى قىر-

ئارزۇيۇڭلار ئاساسىدا قالاق چارۋىچىلىق ئىقتىسادىڭلارنى تېخىمۇ يۇقىرى دېھقانچىلىق ئىقتىسادىي تۇرمۇشى باسقۇچىغا كۆتۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چارۋىچىلىق ئىشلىرىڭلارنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشىڭلارغا ياردەم بېرىش؛ ئۈچىنچىدىن، مەدەنىيەت سەۋىيەڭلەرنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىلەن باراۋەر تۇرىدىغان دەرىجىگە يەتكۈزۈش، مەدەنىيىتىڭلەرنى باشقا ھەر مىللەت قېرىنداشلارنىڭكىگە ئوخشاش يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ئىش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتەلەيدىغان سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈندۇر.

(شوئار قىسقارتىۋىتىلدى)

---

ئىزاھات:

① يېڭى ھۆكۈمەت — ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ تۇرغۇزغان شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنى كۆرسىتىدۇ.

② ئاپرېل ئىنقىلابى — 1933 - يىلى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتىدۇ.

③ سولون — شىنجاڭدىكى داغۇر مىللىتى.

④ تارانچى — ئەسلى غۇلجا ۋىلايىتىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلار بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئايرىم مىللەت دەپ قارالغاچقا شىنجاڭدا 14 مىللەت بار دېيىلەتتى. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇيغۇر مىللىتىگە قوشۇۋېتىلدى.

⑤ گۇيخۇا — شىنجاڭدىكى رۇس مىللىتى.

⑥ يېقىنقى ئۈچ يىلدىكى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى — ماجۇڭيىڭ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى سەردار ماخۇشەن بىلەن شېڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدىكى شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى تالىشىش ئۇرۇشىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

⑦ لۇ (鲁) ۋېي (卫) ھاكىمىيىتى — جۇڭچيۇ دەۋرىدىكى لۇ دۆلىتى بىلەن ۋېي دۆلىتى ئەسلىدە سەنجۇ (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ

تاشلىغىنىمىزدىلا ئاندىن ئۇلارنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستى-دىن ئازادلىققا چىققالايمىز. ئاندىن بىز ئېزىلگۈچى مىل-لەتلەرنىڭ مۇستەقىللىقى، ئەركىنلىكى، باراۋەرلىكىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

بۇ قېتىمقى ئۆلكىلىك موڭغۇل ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى — بىز موڭغۇل قېرىنداشلار ئىچى-دىكى ئەڭ تەرەققىپەرۋەر، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى ئەڭ چۈشۈنىدىغان، ھۆكۈمەتنى چىن دىلىدىن ھىمايە قىلىدى-غان رەھبەرلەر. ئىشىنىمىزكى: سىلەر، ھۆكۈمەت سىلەر-گە يۈكلىگەن ۋەزىپىنى چوقۇم ئۈستىگىلەرگە ئالالايسىلەر، پۈتۈن شىنجاڭدىكى موڭغۇل قېرىنداشلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ بارلىق قارار لايىھىسى-نى ھەقىقىي سادىقلىق بىلەن ئورۇنلىيالايسىلەر. ھۆكۈ-مىتىمىز چاقىرغان بۇ قېتىملىق ئۆلكىلىك موڭغۇل ۋەكىل-لەر قۇرۇلتىيىنىڭ ئاساسىي ئەھمىيىتى: بىرىنچىدىن، موڭغۇل قېرىنداشلارنى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ، جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىنىڭ پىتنە - پاساتلىرىغا ئىشەنمەي يېڭى ھۆكۈمەتنى تېخىمۇ قىزغىن ھىمايە قىلىش، ھۆكۈمەتنىڭ ئالتە بۈيۈك سىيا-سىتىنى تېخىمۇ تىرىشچانلىق بىلەن ئىجرا قىلىش، شىن-جاڭدىكى ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش؛ ئىككىنچىدىن، موڭغۇل قېرىنداشلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش، ئۆز ئەركىنگلەر،

# خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرى

شېرىپ خۇشتار

خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ھاياتى ۋە ئۇ باشچىلىق قىلغان قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى بايان قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن كەينى قۇمۇل ۋاڭىدىن باشلىغان ياخشى.

## 1

### شاھ مەخسۇت ۋاڭ

مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ شىنجاڭ بويسۇنغىنىدىكى تايانچىسى ۋە باش ۋەكىلى بولغان شاھ مەخسۇت ۋاڭ 1928 - يىلىغىچە قۇمۇل خەلقىغە 53 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى...

شاھ مەخسۇت ۋاڭلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ھۆكۈمرانلىقى تازىمۇ قەبىھلەشكەن، ھۆكۈمرانلىق قىلىش دائىرىسى كېڭىيىپ شەرقتە شىڭشىڭشياغىچە، غەربتە يەتتە قۇدۇققىچە، شىمالدا ئارا تۇرۇككىچە يەتكەن بولۇپ، شۇ دائىرىدىكى يەر، سۇ، چارۋا - مال، يايلاق، ئورمان ۋە كانلار ۋاڭ ئوردىسىنىڭ مۈلكى ھېسابلىناتتى.

لەيكاۋ ئاھمىسى) ئىتتىپاقلىقا قاتناشقان ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بولۇپ،
ئىتتىپاقلاشلىق ئەھدىنامىسىدە: ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئۆز-ئارا تاجاۋۇز
قىلماسلىق، سىرتقى دۈشمەنگە ئورتاق قارشى تۇرۇش دەپ بەلگىلەنگەن
بولسىمۇ، لېكىن لۇ، ۋېي ئىككى دۆلەت ئۆز-ئارا ئىتتىپاقلاشماي، يەتتە تى-
مەنكەچكە ئاخىرى كۈچى ئاجىزلىشىپ، لۇ دۆلىتى، چۇ (楚) دۆلىتى تەرە-
پىدىن، ۋېي دۆلىتى چىن (秦) دۆلىتى تەرىپىدىن يىمىرىلدى.

⑧ ئۇلۇغ دامى دۆبەن — ئەينى ۋاقىتتىكى چېگرا مۇداپىئە دۆبەنلى
شىڭ شىسەينى دېمەكچى.

⑨ سەككىز ماددىلىق خىتابنامە — شىنجاڭ يەرلىك دائىرىسىلىرى
1934 - يىلى 4 - ئايدا چاقىرغان تۆتىنچى قېتىملىق ئۆلكىلىك قۇرۇلتايدا
ئوتتۇرىغا قويغان سەككىز ماددىلىق سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش قائىدىسى
بولۇپ، بۇ مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى يولغا قويۇش، دىنىي ئېتىقاد
ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئىقتىساد، مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇ-
رۇش قاتارلىق سەككىز مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

⑩ خەلق ئۇيۇشمىسى — «شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى
تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» نىڭ ئاساسى.

⑪ يۈي تىڭجاڭ — ئەينى ۋاقىتتىكى قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى
يۈي ۋېنبىن، گۈيفۇر، ئەسلى ئىسمى يۈلۇس، 1937 - يىلى شىڭ شىسەي
تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلگەن.

⑫ خۇ تىڭجاڭ — ئەينى ۋاقىتتىكى مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى
خۇشۇكاڭ، 1937 - يىلى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، تۈرمە-
دە ئۆلتۈرۈلگەن.

⑬ ئۈچ يىللىق پىلان — 1937 - يىلدىن 1939 - يىلغىچە بولغان
شىنجاڭنىڭ 1 - قېتىملىق ئۈچ يىللىق قۇرۇلۇش پىلانى.

⑭ جاڭ تىڭجاڭ — ئەينى ۋاقىتتىكى مائارىپ نازىرى جاڭ شىن،
1937 - يىلى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلگەن.

⑮ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى — ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ
پىلانلىشىدا، سابىت داموللام قاتارلىق بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇ-
رلار 1933 - يىلى 12 - نويابىر قەشقەردە قۇرغان قورچاق ھاكىمىيەت.
ھاكىمىيەت ئاساسىي بولمىغانلىقتىن 1934 - يىلى 3 - ئايدا پارچىلانغان.

بىمئاتلىرى ئۇلتۇراقلاشقان، ئاز بىر قىسمىنى ھۆكۈمەت-ئىشلىرىغا ئىشلەتكەن.

شاھ مەخسۇت ۋاڭىنىڭ تەگرى تېغىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىكى 23 ئورۇندا دېھقانچىلىق مەيدانى بار بولۇپ، ھەر بىر دېھقانچىلىق مەيدانىغا بىردىن دېھقان بېشى قويۇلۇپ، شۇ يەردىكى دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرغان. بۇ خىل باشقۇرۇشتا، دېھقانچىلىق مەزگىلى-دە دېھقانلار نۆۋەت بىلەن ۋاڭىنىڭ يېرىگە ھەقسىز ئىش-لەيدۇ، ۋاڭىنىڭ دېھقانچىلىقى تامامەن تۈگىگەندىن كې-يىن ئۆز يېرىگە ئىشلەيدۇ. نەتىجىدە دېھقانلارنىڭ تې-رىم ئىشلىرى مەزگىلىدىن كېيىن قېلىپ ياخشى ھوسۇل ئالالمىغانلىقتىن، كۆن ئېلىشنىڭ تەسلىكىدىن خانىۋەي-ران بولىدۇ. شاھ مەخسۇت ۋاڭىنىڭ چارۋىلىرى «تۆمۈر چارۋا» غا ئايلاندۇرۇلغان بولۇپ (ۋاڭىنىڭ چارۋىسى ئۆلمەيدۇ، يوقالمايدۇ. ئۆلسە، يوقالسا باققۇچى تۆلەي-دۇ)، ئۇنىڭ چارۋىسىنى باققانلارنىڭ ھەممىسى ۋاڭىنىڭ قۇلىغا ئايلانغان. قۇللۇق ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملاش-قان، قۇللارنىڭ بالىلىرى 18 ياشقا توشۇپ ۋاڭ ئور-دىسىغا تىزىملىتىلغاندىن باشلاپ، ئۇنىڭغا باقىدىغان «تۆمۈر چارۋا» بېرىلەتتى.

خوجىنىياز ھاجىم مانا شۇ ۋاڭىنىڭ «تۆمۈر چارۋا» سىنى باقىدىغان ئۈچ ئەۋلاد قول ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

شاھ مەخسۇت ۋاڭ بۇ يەرلەرنى 17 دورغىلىق، بەش قازىلىقتىن ئىبارەت 22 رايونغا بۆلۈپ ئىدارە قىلغانىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا سەككىز چارۋىچىلىق رايونى، 14 دېھقانچىلىق رايونى بولۇپ، شۇ دەۋردە ئەشۇ جايلاردىكى 6485 ئائىلە، 33 مىڭ725 نوپۇس شاھ مەخسۇت ۋاڭنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى.

شاھ مەخسۇت ۋاڭ ئىگىلىۋالغان يەر 35 مىڭ 400 مو بولۇپ، شۇ دائىرىدىكى ئۆستەڭ، بۇلاق ۋە غارمۇ شاھ مەخسۇتنىڭ شەخسىي مۈلكى ھېسابلىناتتى، يەنە ئۇنىڭ 700 مو يەرنى ئىگىلىگەن 160 بېغى، 18 جايدا نەچچە يۈز تاش تۈگمەن، 200 قوتاندا 150 مىڭ تۇياق قوي، 5500 ئات، 7200 كالا، 8000 تۆگىسى بولۇپ، بۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇنىڭ سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سەرمايىسى 6 مىليون 5 يۈز مىڭ سەر كۈمۈشكە يېتەتتى (ئۇنىڭ خەزىنىسىگە توپلىغان ئالتۇن، كۈمۈشلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئېنىق سان قالدۇرۇلمىغان)...

شاھ مەخسۇت ۋاڭ ئىلكىگە ئېلىۋالغان تارانچى كۆمۈر كېنىدىن (ۋاڭ ئائىلە نەسەپنامىسىدىكى بەزى ماتېرىياللارغا قارىغاندا) ھەر يىلى 67 مىڭ سەر كۈمۈش كىرىم قىلىنغان.

شاھ مەخسۇت ۋاڭنىڭ 800 ئېغىز ئۆيلۈك ئوردىسى بولۇپ، بۇنىڭ كۆپ قىسمىدا ۋاڭنىڭ ئائىلە تاۋا-

يەنى، ۋاڭ زۇلۇمى ئۇستىگە مەنچىڭ ھۆكۈمىتى زۇلمى قوشۇلدى. دىمەك قۇمۇل خەلقى باشقا جايلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بىر ھەسسە ئارتۇق زۇلۇم ئاستىدا قالدى. بۇ ئىككى غەيرىي - رەسمىي ھۆكۈمرانلىق ئۆز يېنىنى تولدۇ-رۇش ئۈچۈن خەلقتىن يىغىۋالغان ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ھېسابلىمىغاندا، يەنى ھەر قايسى باج، سېلىق، ئالۋاڭ ياساقتىن تاشقىرى، چىڭ خاندانلىقىغا قىلىدىغان سوۋغا-سالام، خۇشامەت پۇللىرىمۇ خەلقتىن يىغىۋېلىناتتى.

مەسىلەن، شاھ مەخسۇت ۋاڭ ئون يىلدا بىر قېتىم نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش، سوۋغا - سالام بىلەن چىڭ خاندانلىقى ئالدىغا ئۆزى سالامغا بارسا، ھەر ئۈچ يىل-دا بىر قېتىم 40 هارۋىغا ئالتۇن - كۈمۈش ۋە ئېسىل بۇيۇملارنى بېسىپ چىڭ خاندانلىقىغا سوۋغا قىلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا ھۆكۈمەت مەمۇرلىرى خەلقتىن يىغىپ ئالغانلىرىنى يەپ-ئىچىپ، ئەيشى - ئىشرەتكە ئىشلىتىپ، ئۆزىنى بېيىتقاندىن تاشقىرى، ئۆلكە ئەمرىگە ھەق تاپ-شۇراتتى، سوۋغا قىلاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى خەلقتىن يىغىپ ئېلىناتتى (بىز قۇمۇل خەلقى ئۇستىدىكى زۇلۇم، ئالۋاڭ ياساقلار ئۇستىدە تەپسىلىي توختالمايمىز). زۇلۇم ھەددىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن، خەلق بۇنىڭغا چىداپ تۇ-رالماي، زۇلۇمغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

1907 - يىلى «تورپاقلار قوزغىلىڭى»، 1912 - يىلى تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلى-دى. تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى بېسىقتۇرۇلۇپ، 18 يىل-

## 2

## قۇمۇل خەلقى ئۇستىدىكى قوش زۇلۇم

1878 - يىلى، چىڭ سۇلالىسى ياقۇپ بەگنى مەغلۇب
قىلىپ، 1884 - يىلى شىنجاڭنى ئۆلكە قىلىپ بېكىتتى.
ليۇجىنتاڭ شىنجاڭنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ۋالىيلىقىغا
تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئىلگىركى بەگلىك تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاكىمىيەت تۈزۈمى يۈرگۈزۈلدى. لېكىن قۇمۇلدا «بىۋاسىتە قاراشلىق نازارەت»،
بارىكۆلدە «شەھەرلىك غەربىي نازارەت» تەسىس قىلىنىپ،
قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھوقۇقى داۋاملىق ساقلاپ قېلىندى. شۇنىڭ بىلەن قومۇل خەلقى ئۈستىدە ئىككى ھاكىمىيەت
ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان غەيرىي سىياسىي تۈزۈم بارلىققا
كەلدى. دەسلەپتە «بىۋاسىتە قاراشلىق نازارەت» بىلەن
شەھەرلىك غەربىي نازارەتنىڭ باشقۇرۇشى بىلەن
شاھ مەخسۇت ۋاڭنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى ئايرىلغان
بولۇپ، بۇلار ئۆز دائىرىسى ئىچىدىلا ھوقۇق يۈرگۈزەتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قۇمۇل نازارىتىنىڭ ھوقۇق يۈرگۈزۈش دائىرىسى زورايدى. چەك - چېگرىلەرى
بۇزۇلدى. زورلۇق - زومبۇلىقى كۈچەيدى. ھەر ئىككى تەرەپ قولى يەتكەن يەرگىچە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇم قوشلاندى.

ئۆلتۇردى، بەزىلىرىنى زىنىدانغا سالدى. كۆپلىگەن كە-
شىلەرنى ئۆزىگە قۇل قىلىۋالدى. ئەنە شۇ چاغدا قۇمۇل-
نىڭ تارانتۇ تېغىدا دېھقانچىلىق قىلىدىغان كۆپلىگەن
ئۇيغۇرلار ۋاڭغا قۇل بولۇپ قالدى. خوجىنىياز ھاجىم-
نىڭ ئۈچىنچى بوۋىسى تارانتۇ تېغىدا دېھقانچىلىق قىلى-
دىغان بەھرەم ئىمىننىياز بىلەن قىزىل پوتاسىيىتلار
ۋاڭنىڭ قويىنى باقىدىغان، ئايقىز مۇھەممەتنىياز يىلق-
قىسىنى باقىدىغان قۇلى بولۇپ قالىدۇ. خوجىنىياز ھا-
جىنىڭ قۇل ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىشىدىكى سەۋەب
مۇشۇلاردۇر.

## 4

## خوجىنىياز ھاجىمنىڭ بالىلىق دەۋرى

خوجىنىياز ھاجىم ئۈچ ئەۋلاد قۇللۇقتا ئۆتكەن
قۇل دورغىسى ئىمىننىياز ئائىلىسىدە 1889 - يىلى دۇن-
ياغا كەلگەن. ئۇ ئائىلە تەربىيىسىنى ئالغاندىن كېيىن
دادىسى ئىمىننىياز دورغا خوجىنىيازنى قۇللاردىن يىراق
تۇتۇش ئۈچۈن، قۇمۇلغا ئەۋەتىپ، قۇمۇل شەھىرىدىكى
خانلىق مەدرىسىگە ئوقۇشقا بېرىدۇ (خوجىنىياز بۇ مەد-
رىستە شاھ مەخسۇتنىڭ نەۋرىسى بېشىر شاھزادە بىلەن
بىرگە ئوقۇيدۇ). خوجىنىياز كىچىكىدىن كەم سۆز، تېز
ئاچچىقى كېلىدىغان، زېرەك، ئۇچرىغان ھادىسە، ۋەقە-

دىن كېيىن ئالدىنقى ئەككى قوزغىلاڭنىڭ ئاكتىپ قاتناشقۇچىسى خوجىنىياز ھاجىم باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. خوجىنياز ھاجىم ئۈچىنچى قېتىملىق خەلق قوزغىلىڭىنىڭ مۇنەۋۋەر رەھبىرىدۇر.

3

## شاھ مەخسۇت ۋە موڭغۇل قوللار

1890 - يىلى، شاھ مەخسۇت ۋالڭ زۇلمىغا چىدىمىغان قۇمۇلدىكى 200 دىن ئارتۇق موڭغۇل قۇل شاھ مەخسۇتقا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئۇلار ئوقيا، سالغۇ، تاش، ئارقان، كالتەك - چوماق، ... قاتارلىقلار بىلەن شاھ مەخسۇتقا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. لېكىن شاھ مەخسۇت ئەۋەتكەن چېرىكلەر قوزغىلاڭچىلار ئىستىھكامىغا بۆسۈپ كىرىپ، قوزغىلاڭچىلارنى باستۇردى. شۇ چاغدا غەربىي تاغدا ۋاڭنىڭ قويىنى باقىدىغان موڭغۇل قۇللار تاشقى موڭغۇلىيىگە، شەرقىي تاغدىكىلىرى گەنسۇ ئۆلكىسىگە قېچىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن شاھ مەخسۇت ۋالڭ شەرقىي ۋە غەربىي تاغدا تۇرۇشلۇق موڭغۇل قۇللاردىن ئېردەن لاما بىلەن كۆك لامانى زىندانغا تاشلىدى. قوزغىلاڭچى قۇللارغا ھېسداشلىق قىلغان كۆپلىگەن ئۇيغۇر، قازاق دېھقان، چارۋىچىلارنى تۇتۇپ كېلىپ، بەزىلىرىنى جادۇدا تۇغراپ

سىتتىپ: «يۇقىرىدىن ئۇقتۇرۇش كەلدى. بۇلارنىڭ يې-
نىدا ئىككى جىڭ ئەپيۇن، 50 سەر تەڭگە بار ئىكەن،
لېكىن بىز ئۇلارنىڭ يېنىنى تەكشۇرسەك يوق تۇرىدۇ.
بۇنى سىلەر ئوغرىلاپ كېتىپسىلەر»، — دەپ خوجىنىياز
باشلىق ئۇچ كىشىنى تەكشۇرىدۇ. نەتىجىدە خوجىنىياز-
نىڭ يېنىدىن دادىسى يول خىراجىتى ئۇچۇن بەرگەن
بىر سەر تەڭگە پۇل چىقىدۇ. چېرىكلەر بۇنى كۆرۇپ،
باشقىلارنى قويۇۋېتىپ، خوجىنىيازنى تۇتۇپ قېلىپ،
قالغان پۇللارنى تاپشۇرۇشقا قىستايدۇ ھەم بىر ئاي
ئېغىر ئەمگەككە سالىدۇ. بىر كۇنى قۇمۇل تەرەپتىن
كېلىپ بۇ چازىغا چۇشكەن ھارۋىكەشلەر قۇمۇلدا «تور-
پاقلار قوزغىلىڭى» بولغانلىقىنى، بۇ قوزغىلاڭنىڭ كۇن-
دىن - كۇنگە كۇچىيىپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ئالدى-
دا تۇرغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ.

خوجىنىياز بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شۇ
كېچىسى ھارۋىكەشلەرنىڭ بىر ئېتىنى ئېلىپ تاغ ئىچى-
ئوغرى يولى بىلەن قېچىپ ئۆز يۇرتىغا بارماي، قوراي
يېزىسىغا كېلىدۇ.

## 5

### خوجىنىياز ھاجىم تورپاقلار قوزغىلىڭىدا

خوجىنىياز قوراي يېزىسىغا بارغاندا، قورايدىكى
300 دىن ئارتۇق كىشى توپلىشىپ قۇمۇل شەھىرىگە-

لەرنى تېز تەھلىل قىلىپ ئۆلگەرەلەيدىغان، ئۆتكۈر،
قاۋۇل ھەم يۈرەكلىك بولۇپ يېتىلىدۇ. ئۇ، مەكتەپتە
ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئۇستازىدىن كۆپ سوئال
سورايتتى.

ۋاڭلىق بەلگىلىمىدە، قۇللار باللىرىنى 18 ياش-
قا كىرگەندە ۋاڭنىڭ تىزىمىغا ئالدۇرۇشى كېرەك. شۇ-
نىڭدىن كېيىن تىزىمغا ئېلىنغان قۇلغا بېقىش ئۈچۈن
چارۋا، تېرىش ئۈچۈن يەر بېرىلەتتى. ئىمىننىياز دورغا
ئوغلىنىڭ قۇللار تىزىملىكىگە كىرىپ قېلىشىدىن ئەنسى-
رەپ ئۇنى 17 يېشىدىلا ساۋۇرئاخۇن دېگەن قۇلنىڭ
قىزىغا ئۆيلەپ، ئۆيىنى ئايرىپ قويىدۇ. 1907 - يىلى
1 - ئايدا ئىمىننىيازئاخۇن ئائىلىسىگە شىڭشىڭشيادىكى
ھۆكۈمەت چېرىكلىرىگە ئوتۇن، سامان ئاپىرىش ئالۋاڭى
كېلىدۇ. ئىمىننىيازئاخۇن بۇ ئالۋاڭغا ئوغلى خوجىنىياز-
نى ئەۋەتىدۇ...

خوجىنىيازلار سەييىنى تۈگىتىپ قايتىشىدا يولدا
جۇدۇن بولۇپ قالىدۇ. سەييىچىلەر يولدىن ئېزىپ قې-
لىپ، نۇرغۇن ئادەم ۋە ئات، ئېشەكلەر ئۆلۈپ كېتى-
دۇ. بۇ ئالۋاڭغا مەسئۇل بولغان ئوردا بېگى ئىسھاق
بىلەن خوجىنىياز قاتارلىق ئۈچ كىشى ھايات قالىدۇ.
بۇلار ئاچچىقسۇ دېگەن يەردىكى چازىغا كەلگەندە، گەن-
سۇ تەرەپتىن ھارۋىدا كېلىۋاتقان ھارۋىكەش بىلەن 20
نەپەر چېرىكنىڭ توڭلاپ ئۆلگەنلىكىنى كۆرىدۇ. بۇ چا-
زىدا تۇرغان چېرىك ئەمەلدارلار بۇ ئۆلۈكلەرنى كۆر-

قارا قاش ئادەم، ئۇنى كۆردۇم دېگۈچىلەرگە ئۈچ يامبۇ ياكى ئۈچ ئات، تۇتۇپ بەرگەن كىشىگە 12 يامبۇ ياكى 12 ئات ئىنئام بېرىلىدۇ...». ئېلان چىقىرىلغاندىن كېيىن خوجىنىيازنى ئىزدىگۈچىلەر كۆپىيىشكە باشلايدۇ. خوجىنىياز ئانىسىنىڭ ياردىمى بىلەن يوشۇرۇن هالدا تۇرپانغا بېرىپ، ئىسھاق دېگەن نام بىلەن ئاستانە مەدرىسىدە بىر يىل مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتىلار بىلەن بىللە ئوقۇيدۇ.

شاھ مەخسۇت ۋاڭنىڭ خوجىنىيازنى تۇتۇش ھەرىكىتى تۇرپانغىمۇ يېتىپ كېلىدۇ. بۇ يەردىمۇ ئۇنىڭغا ئاراملىق بولمايدۇ. ئاخىرى ئانىسى ئۇنى ھەججگە بارىدىغانلارغا قوشۇپ، ھەرەمگە يولغا سالىدۇ.

ئۇ ھەج قىلىپ بولۇپ، قايتىپ كېلىشكە پۇلى بولمىغاچقا، شۇ جايدىكى بىر بايىنىڭ خورمىزارلىقىدا ئۈچ يىل ئىشلەپ، يول خىراجىتى ھازىرلاپ ئاندىن ۋەتەنگە قايتىدۇ. 1912 - يىلى يىل بېشىدا ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ.

## 6

### خوجىنىياز ھاجىم تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىدا

1912 - يىلى، ئۆلكە ئەمرى يۈەن داخۇا ئۆلكە مەركىزىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئىلى خەلق قوشۇنىنى توسۇش ئۈچۈن قۇمۇل ۋاڭىغا 500 ئەسكەر ئەۋەتىش

ۋاڭ ئوردىسىغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقانىدى. خوجىنىياز ھاجى بۇ قوزغىلاڭغا ئىشتىراك قىلىدۇ. خوجىنىيازنىڭ ياش، قابىللىقى، ئەقىل-پاراسىتى ۋە تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرى، جۈملىدىن قوزغىلاڭ قىلىش ئىرادىسىنىڭ مۇستەھكەملىكىنى كۆرگەن قوزغىلاڭچىلار خوجىنىيازنى قوشۇنغا ئالىدۇ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىدۇ، ئۇنى قوزغىلاڭنىڭ مۇھىم ئادەملىرى قاتارىغا قويىدۇ.

قوزغىلاڭچىلار ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئىشىكىنى تاش-كېسەك بىلەن تاقايدۇ. بىراق كۆتۈلمىگەندە ئۇلار ئوردا ئەسكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ مەغلۇپ بولىدۇ. قوزغىلاڭ باستۇرۇلىدۇ. خوجىنىياز تاراتۇغا كېتىدۇ. شاھ مەخسۇت ۋاڭ قوزغىلاڭچىلار ئەھۋالىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، خوجىنىيازنىڭ بۇ قوزغىلاڭنىڭ مۇھىم ئادىمى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى ئىزلەيدۇ. خوجىنىيازنى تۇتالماي ئامالسىز قالغان ۋاڭ ئۇنىڭ دادىسى ئىمىنىياز دورغىنى زىندانغا تاشلايدۇ. خوجىنىيازنى تۇتۇش توغرىسىدا مۇنداق ئېلان چىقىرىدۇ:

«خوجىنىياز شارلا تېغى — تاراتۇ تېغىدىن ئىمىننىياز قۇلنىڭ ئوغلى. ئۇ شىڭشىڭشىيا يولى ئاچچىقسۇ چازىسىدىن ھۆكۈمەتنىڭ 50 سەر تەڭگە، ئىككى جىڭ ئەپيۇن، بىر ئات ۋە جۇۋا... قاتارلىق نەرسىلىرىنى ئوغرىلاپ، قورايدىن چىققان تورپاقلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان. ئۇ پاكار بوي، يۇمىلاق يۈز، دۈگىلەك كۆز،

ياراقنىڭ ناچار بولۇشى، سان جەھەتتىن ئاز بولۇشتەك سەۋەبلەر تۈپەيلى، خوجىنىياز ھاجى قوشۇنلارنى تارقىتىۋېتىپ ئۆزىلا يەككە قالىدۇ.

شاھ مەخسۇت ۋاڭ بارلىق چارە - تەدبىرلەرنى ئىشقا سېلىپ، خوجىنىياز ھاجىنى تۇتۇشقا كىرىشىدۇ.

## 7

## سەرگەردانلىقتا ئۆتكەن 15 يىل

1913 - يىل 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تۆمۈر خەلپە ئۆلتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن خۇشاللىقى ئىچ - ئىچىگە سىغماي قالغان شاھ مەخسۇت ۋاڭ قالمىش قوزغىلاڭچىلارنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن، 12 تاغ، بەش شەھەرگە لەشكەر چىقىرىپ، تىنتىش ئېلىپ بېرىپ قوزغىلاڭ ئىشتىراكچىلىرىنى بېسىقتۇرۇشقا كىرىشتى. پۈتۈن قۇمۇل زېمىنىدا خوجىنىياز ھاجىنىڭ دەسسەشكە ئايىغى ئەمەس، بەلكى تىنىقى چىققۇدەكمۇ بوشلۇق قالمىدى...

خوجىنىياز ھاجىم بارىكۆل ئارقىلىق ئالتايغا بېرىپ، تاشقى موڭغۇلىيىگە بېرىشنى پىلانلىدى - دە، بارىكۆلگە بېرىش بىلەنلا ئىسمىنى يەنە ئىسھاق دەپ ئاتاپ، ئالتاي چىڭگىلدە ئاكام بار، شۇنى ئىزلەيمەن، دەپ يۈردى.

خوجىنىياز ھاجىم ئالتايغا قاراپ يولغا چىققاندىن كېيىن يولدا قامزا دېگەن بىر قازاق يىگىتى

تۇغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ. قۇمۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇت
ئۆزى ئۈچۈن خەتەرلىك دەپ ھېسابلىغان ئادەملەرنى
ئەسكەرلىككە ئالىدۇ ۋە ئۈرۈمچىگە يولغا سالىدۇ. بۇ ئەس-
كەرلەر ئىچىدە تۆمۈر خەلپىمۇ بولۇپ، ئۇ يولدا ئەسكەر-
لەرگە باشچىلىق قىلىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ.
ئۇ قوشۇننى باشلاپ كېلىپ، قورال ئۇچىنى قۇمۇل ۋا-
ڭى شاھ مەخسۇتقا قارىتىدۇ. ئازاب چەككەن قۇمۇل
خەلقى بۇ قوزغىلاڭغا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. بۇ ۋاقىت
خوجىنىياز ھاجىنىڭ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن ۋاقتى
بولۇپ، خوجىنىياز ھاجى بۇ قوزغىلاڭغا پىدائىي بو-
لىدۇ ھەم بىر قانچە قېتىملىق جەڭدە جاسارەت بىلەن
ئۇرۇش قىلىپ، كۆزگە كۆرۈنىدۇ - دە، تۆمۈر خەلپە
قوشۇنىدىكى باتۇرلار سېپىگە قوشۇلىدۇ. خوجىنىياز ھا-
جى بىر تەرەپتىن ئۇرۇشقا قاتناشسا، يەنە بىر تەرەپ-
تىن تۆمۈر خەلپىگە مۇھىم مەسلىھەتلەرنى بېرىدۇ. شۇن-
داق قىلىپ، ئۇ تۆمۈر خەلپىگە مەسلىھەتچى بولىدۇ.
تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى «سۈلھى» بىلەن «تىنچىتىلغاندا»
خوجىنىياز ھاجى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ، مىلتىق ئۇچىنى
دۈشمەنگە قارىتىدۇ. 1913 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6 -
كۈنى تۆمۈر خەلپە ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، قۇمۇل ۋاڭى
تۆمۈر خەلپىنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى يوقىتىشقا قو-
شۇن ئەۋەتىدۇ.

خوجىنىياز ھاجى تاغدىكى قوشۇنلارغا يېتەكچىلىك
قىلىپ، بىر مەركەزلىك ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. قورال-

باغلايدۇ - دە، قويلارنى بورىتالانىڭ قىزىل يۇلتۇز دې-
گەن يېرىگە ئاپىرىپ بېقىشنى تاپىلايدۇ. خوجىنىياز
هاجىم بورىتالاغا بارغاندىن كېيىن بىر تەرەپتىن ما-
مۇتباي قويلارنى قوغداش ئۈچۈن بەرگەن قورال بىلەن
ئوۋچىلىق قىلىدۇ. شۇ باهانە بىلەن قارىغا ئېتىشنى
مەشق قىلىدۇ. خوجىنىياز هاجىم ئۆزى ئوۋلىغان ئۈچ
دانە بورقاق (بۆكەن) مۈڭگۈزىنى مامۇتبايغا بېرىدۇ.
مامۇتباي بۇنىڭدىن بەكمۇ رازى بولىدۇ ۋە خوجىنىياز
هاجىم (قامزا) نى يېتەرلىك ئوق - دورا بىلەن تە-
مىنلەپ تۇرىدۇ. خوجىنىياز هاجىمنىڭ مالچىلىق كۈن-
لىرى ئوۋچىلىق قىلىش ۋە قارىغا ئېتىش بىلەن ئۆتىدۇ.
شاه مەخسۇت ۋاڭ ئۆز شايىكلىرىنى خوجىنىياز
هاجىنى تۇتۇش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە يولغا سالغا-
نىدى. ئۇلار خوجىنىياز هاجىنىڭ چۆچەكتە ئىكەنلىكى-
نى بىلىپ ۋاڭغا مەلۇم قىلىدۇ. شاه مەخسۇت ۋاڭ
توخسۇنلۇق نىياز شەنزۇ (شەنزۇ — يېزىدىم هاكىم) نى خو-
جىنىياز هاجىنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ.

خوجىنىياز هاجىم بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن
كېيىن ۋەتەندىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ - دە،
چېگرىدىن ئۆتۈپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارىدۇ.

بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى (قامزا ئەسلىدە بارىكۆل، ئالتاي ئارىلىقىدا ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان داڭدار ئوغرى ئىكەن). يول ئۈستىدىكى بىر قونالغۇدا، قامزا خوجىنىياز ھاجىم ئۇخلاپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ ياخشى ئېتىنى ئوغرىلاپ، ئۆزىنىڭ توكۇر بايتىلىنى تاشلاپ كېتىدۇ. خوجىنىياز ھاجىم ئامالسىز قېلىپ ئالىپ دېگەن ئۇكۇردەينىڭ ئاۋۇلىدا بىر يىل قوي باقىدۇ. ياڭزىڭشىن بىلەن شاھ مەخسۇت ۋاڭ ئۆز كېلىشىمى بويىچە، خوجىنىياز ھاجىنى تۇتۇش قارارىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. ھەممە يەرگە تەڭ ئېلان تارقىتىدۇ. تاغلىقلار ئالىپ ئۇكۇردەينىڭ مالچىسى ئىسھاقتىنمۇ گۇمانلىنىدۇ، ھەتتا تۆت قازاق يىگىتى ھاجىمنى تۇتقىلى كېلىدۇ. خوجىنىياز ھاجىم بۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى سېزىپ قېلىپ ئالىپ ئۇكۇردەينىڭ بىر ئېتىنى مىنىپ، ئۇ جايدىن كېتىپ قالىدۇ. بەختىگە قارشى ئات ئۆلۈپ پىيادە قالىدۇ. ئۇ بىر قانچە كۈن جاپالىق يول يۈرۈپ چۆچەككە كېلىدۇ.

خوجىنىياز ھاجىم چۆچەكتە بولغان مەزگىلدە ئىسمىنى قامزا، دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى بۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجىم كىيىم - كېچەك، گەپ - سۆز جەھەتتىن قازاقلىشىپ بولغانىدى. شۇ كۈنلەردە خوجىنىياز ھاجىم مامۇتباي دېگەن ئۇيغۇر چارۋىچىنىڭ ئېلىنى باقىدۇ. مامۇتباي ئۆزىگە سادىق بۇ مالاي «قامزا» غا ئىشەنچ

ھاياتنى چۇشۇنەدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى بىلەن شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىنى سېلىشتۇرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئىلغار تىپتىكى قورال-ياراقلارنى كۆرۈپ، 1907-يىلىدىكى «تورپاقلار قوزغىلىڭى» ۋە 1912-يىلدىكى «تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى» دا ئىشلەتكەن قارا مىلتىق ۋە 9، 10، 11، 12 ئاتار مىلتىقلارنى ئەسكە ئېلىپ، «ھەتتىڭەي، ئەگەر شۇ ۋاقىتلاردا مۇشۇنداق قوراللار قولىمىزدا بولغان بولسا، تەقدىرىمىز ئاللىقاچان ھەل بولۇپ، زۇلۇمغا زاۋال ئاتا قىلغان بولۇركەنمىز، ... ھېلىمۇ خۇدا نۇسرەت ئاتا قىلسا، خەلقىم بىلەن بىرلىكتە مەقسەتكە يېتەرمەي ...»، — دەيدۇ.

1917-يىلى روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلاپ غەلىبىگە ئېرىشتى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبىسى پۈتۈن دۇنيادىكى ئېزىلگۈچى خەلق ۋە مىللەتلەرنى ئويغاتقىنىدەك، ئۆمۈر بويى ئىنقىلاب ئارزۇسىدا چەت جايلاردا خارى-زار لىقتا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان خوجىنىياز ھاجىنىمۇ ئويغاتتى. ئۇنىڭ قەلبى ئۈمىد-ئارزۇلار بىلەن ياشاردى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا پرولېتارىيات تۇتقان قورالنى، ئۇلارنىڭ پېشانىسىدە يالتىراپ تۇرغان بەش يۇلتۇزنى كۆرگەندە ھەۋەس بىلەن قاراپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە يانغان ئىنقىلاب ئوتى ئۇنى قوراللار بىلەن تونۇشۇش، ئوقتىلىق ھەربىي تەلىم-تەربىيە ئې-

## خوجىنياز ھاجىم سوۋېت ئىتتىپاقىدا

خوجىنياز ھاجىم چېگرىدىن ئۆتۈپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇر رايونى - يەركەنتكە باردى ۋە ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان بىر قىشلاققا ئورۇنلىشىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي شۇ جايدىكى ئۇيغۇر، قازاق قېرىنداشلار بىلەن چىقىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ دوست - بۇرادەرلىرى بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلايدۇ. خوجىنياز ھاجىم چېگرىدىن ئۆتۈش ئالدىدا، بورىتالادىن ئوۋلىغان بىر قانچە بۆكەن مۈڭگۈزىنى ماموتبايغا بېرىشكە ئۈلگۈرەلمەي ئېلىۋالغانىدى. خوجىنياز ھاجى بۇ مۈڭگۈزلەرنى يەركەنت بازىرىدا غۇلجىلىق ۋەلىباي دېگەن ئاتاقلىق كىشىگە ساتىدۇ. ۋەلىباي مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن خوجىنياز ھاجى بىلەن تونۇشىدۇ ھەم ئۇنىڭ داۋاملىق ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرۇشىغا ئات، تايغان، ياخشى قورال ۋە ئوق - دورا بېرىدۇ.

خوجىنياز ھاجىنىڭ شارائىتى ياخشىلىنىدۇ. ئۇ ئوۋچىلىق ئىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر قانچە چوڭ - كىچىك شەھەرلىرىنى ئايلىنىپ چىقىدۇ. كۆپلىگەن كىشىلەر بىلەن سوھبەتتە بولىدۇ. يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىدۇ، ئاڭ سەۋىيىسى ئۆسىدۇ. جەمئىيەت ۋە

كىملاتى» ۋە «ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى» نىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ھەمدە 3 - ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئۇيغۇر ۋەكىلى ئابدۇللا روزىباقىيوۋ قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى ۋە سۆھبەتتە بولدى. بولۇپمۇ شىنجاڭلىق سودىگەرلەر كۆپرەك بولغان شەمەي، زەيسەن، توقماق، قاراقول ... قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، شىنجاڭلىق سودىگەرلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلار بىلەن تونۇشتى. كونا ساۋاقدىشى مەخسۇت مۇھىتى ۋە مەھمۇت مۇھىتىلار بىلەن شىنجاڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭدا سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرى بويىچە ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىش قارارىغا كېلىشتى. لېكىن شارائىت ئۇلارنىڭ ھەرىكەت قىلىشىغا يار بەرمەيتتى. خوجىنىياز ھاجى 1923 - يىلىغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدا بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ئۆتكۈر سىياسىي پىكىرلىك، يۈكسەك ھەربىي ماھارەتكە ئىگە، ئەقىل - پاراسەتلىك بىر كىشى بولۇپ يېتىلدى.

1923 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئۇرۇش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن شىنجاڭلىق سودىگەرلەر ۋەتەنگە قايتىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجىمۇ ۋەلىباي بىلەن ئىلىغا كەلدى. ئىلىدا تۇرغان مەزگىلدە ۋەلىباينىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ھۈسەن باي ھاجىم، ياقۇپ باي ۋە ھەكىم بەگ خوجىلار بىلەن ئۇچراشتى.

لىشقا ئۇندىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى ئە-
مەلگە ئاشتى.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىي غەلىبىسىدىن كېيىن، سوۋېت
ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى پۈتۈن سوۋېت گىراژدانلىرىغا ھەر-
بىي تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بېرىش لازىملىقى ھەققىدە
مۇراجەتنامە ئېلان قىلدى. بۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجى
ئۆز خوجايىنى ۋەلىبايغا مۇراجەت قىلىپ، ھەربىي
تەلىم-تەربىيە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ۋەلىباي
ھىممەت بىلدۈرۈپ، خوجىنىياز ھاجىنى ئۆز ئوغلى نا-
مىدا تىزىمغا ئالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ھەربىي تەلىم-تەربىيە
ئېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. خوجىنىياز ھاجىم
ھەربىي تەلىم-تەربىيە جەريانىدا ئۇرۇش قانۇنىيەتلى-
رى نەزەرىيىسىنى ئوبدان ئىگىلىدى. بارلىق ئېغىر-يې-
نىك قوراللار، ھەر خىل چوك-كىچىك تېپتىكى توپ-
زەمبىرەكلەر ۋە پارتلاتقۇچ دورىلار بىلەن تونۇشتى؛
ھەتتا ئاددىي زېنىتقا قەدەر ئۇ ئۆزىنىڭ كونا مەرگەنلىكى
بىلەن قارىغا ئېتىش ماھىرى بولۇپ قالدى. تەلىم-
تەربىيىنى ئالىي نەتىجە بىلەن ئاياغلاشتۇردى.

خوجىنىياز ھاجىم ھەربىي تەلىم-تەربىيە ئالغان-
دىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر قانچە شەھەر-
لىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. كونا ساۋاقدىشى مەخ-
سۇت مۇھىتىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئەڭ دەسلەپ قۇرۇلغان
«كالىتە چاپانلار تەشكىلاتى»، «مەدەنىيەتپەرۋەرلەر تەش-

1927 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا مەخسۇت مۇھىتى ۋە مەھمۇت مۇھىتىلاز بىلەن توختام تۈزۈپ، خوجىنىيازھاجىم قۇمۇلدىن، مەخسۇت مۇھىتىلار تۇرپاندىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش قارارىغا كېلىدۇ.

1927 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا خوجىنىياز ھاجىم دادىسىنىڭ ۋاپات بولغان خەۋىرىنى ئاڭلاپ، قۇمۇلغا بارىدۇ ھەم «ۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قۇمۇلنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى كۆزىتىدۇ.

1928 - يىل 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، شاھ مەخسۇت ۋاڭ ئۆلۈپ ئورنىغا ئوغلى نەزەر ۋاڭ بولىدۇ.
1928 - يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ياڭ زېڭشىن فەن ياۋنەن تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن جىن شۇرېن فەن ياۋنەننى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالىدۇ.

قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە بولۇۋاتقان بۇ ئۆزگىرىشلەر قوزغىلاڭ ھازىرلىقىنىڭ جىددىي ئېلىپ بېرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

جىن شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىش بىلەنلا «جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدە ۋاڭلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، بۇنىڭدىن كېيىن ۋاڭلىق دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس.» دەيدۇ. ئۆزىگە نۇزغۇن سوۋغا - سالاملارنى ئېلىپ كەلگەن نەزەر ۋاڭنى ئۇرۇمچىدە ئېيقېلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى قىلىپ بەلگىلەيدۇ.

و

## خوجەنیاز ھاجىم ئۇرۇمچىدە

خوجەنىياز ھاجىم سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر مەزگىل ئىلىدا تۇردى. كېيىن ئۇرۇمچىگە قايتىپ كېلىپ، ئۇرۇمچىدە تۇردى. ئۇرۇمچىدە تۇرغان مەزگىلدە تەشكىللىك ۋە پىلانلىق ھالدا تەشكىللەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى يۇرت كاتتىلىرى، ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلىدى. ئۇلارنىڭ ئىنقىلاب قىلىش ئېڭىنىڭ ئۆسۈشىگە ياردەم بەردى، خوجەنىياز ھاجىم خەلقنى ئويغىتىش ئىشلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېلىپ بېرىلغان ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بەردى (پېشقەدەم كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدا بولغان ئۆزگىرىشلەرنى بەقەت خوجەنىياز ھاجىمنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغانلىقىنى، بۇرۇن بۇنداق سۆزلەرنىڭ ئۇرۇمچىدە يوقلۇقىنى ئېيتقان). ئۇ ئۇرۇمچىدە تۇرۇپ قۇمۇل، تۇرپان، توخسۇن، ئالتاي، ھەتتا خوتەنگىچە بولغان ئارىلىقتىكى سىياسىي ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، جايلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.

ـمۇ؟»، «بۇ قانداق يېڭى ھۆكۈمەت بـولـۇن؟ بـۇنداق ھۆكۈمەتتىن ۋاڭ ياخشى ئىسكەنغۇ» دېگەن پـاراڭلارمۇ بولدى. خەلقىنىڭ بۇ ئىنكاسى بەزىلەر دېگەندەك ھەرگىز قۇمۇل خەلقىنىڭ ۋاڭلىق تۈزۈمىنى قايتا تىكلەشنى تەلەپ قىلمىشى بولماستىن، ئەكسىچە جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئۈستىدىن قىلىنغان شىكايەت ئىدى.

بۇ ۋاقىتتا پۈرسەتتىن پايدىلانغان يولۋاس خەلقىنىڭ بۇ خىل پىكرىنىڭ ھىمايىچىسى بولۇۋالىدۇ – دە، نەزەرۋاڭ قۇمۇلدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بېشىر شاھزادىنى (ئەينى ۋاقىتتا ئوردا ھەربىي ئىشلار نازارەتچىسى ئىدى) ۋاڭ قىلىپ تىكلەپ، ئۆزى ئوردا بېگى بولۇۋالىدۇ. قۇمۇل جىن شـۇرېن ھـۆكۈمرانلىقىدىن ئـايرىلىدۇ. جىن شۇرېن نەزەرنى ئۈلارغا نەسىھەتكە ئەۋەتىدۇ. لېكىن بېشىر ۋە يولۋاسلار نەزەرنىڭ كېيىمگە قۇلاق سالمايدۇ. نەزەر ئۈزۈن ئۆتمەي ئۆلىدۇ.

بېشىر شاھزادە ۋاڭ بولغاندىن كېيىن، ئوردا قائىدىسى بويىچە تاغلىق پـالۋانلارغا مىلتىق تـارقىتىپ، بىر تال مىلتىق ئۈچۈن ئىككى دانىدىن بۇغا مۈڭگۈزى تاپشۇرۇش ئالۋىنى قويىدۇ. بۇ قېتىم تاراتۇ تېغىغا قويۇلغان ئالۋانغا خوجىنىياز ھاجىمۇ قاتناشتى. خوجىنىياز ھاجىم ۋاڭ بەرگەن ئىككى دانە مىلتىققا مەقسەتلىك ھالدا ئالتە دانە بۇغا مۈڭگۈزى تاپشۇردى. بۇنى كۆرگەن بېشىر ۋاڭ ھەيران بـولۇپ ئەھۋالنى سـورىغاندا، مال تاپشۇرغانلار: «تاراتۇ تېغىدىن بىر مەرگەن چىقتى،

شىنجاڭدا ئومۇميۈزلۈك ھاكىملىق تۈزۈم ئورنىتىلمە
دۇ. قۇمۇل ئۈچ ناھىيىگە بۆلۈپ ئىدارە قىلىنىدۇ. مۇشۇ
ۋاقىتتىن كېيىن مەخسۇت مۇھىتى ۋە تاھىر بەگلەر
(1929 - يىلى) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلغار ئىنقىلاب
تەجرىبىسى ۋە ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت - مائارىپ تەجرىبە
سىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، سودىگەرچىلىك باھانىسى بىلەن
سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ، موسكۋا قاتارلىق جايلاردا
بولىدۇ. ھەر ساھەلەردىن ئۆگىنىش ئېلىپ بارىدۇ.

× × ×

«بۆرىدىن قۇتۇلۇپ، يولۋاسقا تۇتۇلدۇم»—دېگەندەك،
قۇمۇل ۋاڭىنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇق، — دەپ ئويلىغان
خەلق ھېلىگەر جاللات — جىن شۇرېن ۋە ئۇنىڭ چېرىك
ئەمەلدارلىرىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ئاستىدا قالىدۇ.

جىن شۇرېن ۋە ئۇنىڭ قول - چوماقلىرى ئاسانلا
قولغا كېلىپ قالغان بۇ «تاجۇ - تەخت» نىڭ ئۇزۇن
دەۋر سۈرەلمەيدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار
بۇ «ئامەت» تىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئالمان - تالمان
بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئالۋاڭ - ياساقلارنى كۆپەيتتى. خىـ
يانەتچىلىك، پارىخورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلقنى
ئازابلاش بەدىلىگە ئۆز چۆنتەكلىرىنى تولدۇرۇشتى. خەلق
بۇنىڭدىن قاتتىق نارازى بولدى. شۇ ۋاقىتتا ئايرىم
كىشىلەر ئىچىدە: «چىچەنگە ئۇنىماي، باچەنگە ئۇنىدۇق

ئاتتى. ئۇنىڭ بىرەرسىمۇ تەگمەيدۇ. خوجىنىياز ھاجىم ئارقىدا تۇرۇپ، ئۇچۇرىغان جانلىقلارنى يېقىتتى ۋە:

«ۋاڭ ئاللىلىرى، ئۆزلىرى ئاتقان ئوق دەل تەگدى»، — دەيدۇ. ۋاڭ بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇشال بولىدۇ. بارا-بارا ۋاڭنىڭ ھاجىمغا بولغان ئىشەنچىسى كۈچىيىشكە باشلايدۇ. جۈملىدىن خوجىنىياز ھاجىم ئۈستىدىن تولاراق شىكايەت قىلىدىغان ھەسەتخور ئوردا بېگى يولۋاسنى ئوردا بەگلىكىدىن قالدۇرۇپ، بازار بېگى قىلىپ قويىدۇ. خوجىنىياز ھاجىمنى ئوردا بېگى ھەم ئوردا پالۋانلىرىنى تەربىيىلىگۈچى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. خوجىنىياز ھاجىم ئوردا بېگى بولغان مەزگىللىرىدە راھەت-پاراغەت، ئەمەل-مەنسەپكە بېرىلمەي، ئىستىبدات ھاكىمىيەتكە ھەم ۋاڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈش ئارزۇسىدا بولىدۇ. ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرىدۇ. مەخسۇت مۇھىتى ۋە مەھمۇت مۇھىتلار ھەم توخسۇنلۇق توختى لۈيجاڭ (توختى ئېلى)، كۇچالىق تۆمۈر ئېلى (تۆمۈر سىجاڭ)، ھادى ئەلەم قاتارلىقلار ھەم ھەر قايسى جايلاردىكى يۇرت كاتتىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇپ، قوزغىلاڭ ھازىرلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

دېمەك، شىمالدا ئالتايدىن، جەنۇبتا خوتەنگىچە بولغان ئارىلىقتا ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ.

1929 - يىلى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى بېشىر ۋاڭغا قايتا - قايتا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆلكىگە بويسۇنۇشنى

ئاتقان ئوقى زايا كەتمەيدۇ، ئۇچار قۇشلارمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ»، — دەپ تەرىپلەيدۇ. ۋاڭ ئۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى سورىغاندا، بىز ئۇنى «پالۋان دەپلا ئاتايمىز. ئاگلىساق، ئۆزلىرى بىلەن مەدىرستە بىللە ئوقۇغان كىشى ئىكەن» — دەيدۇ.

بىشىر ۋاڭ سۈرۈشتۈرۈپ، بۇ كىشىنىڭ خوجىنىياز هاجىم ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە ئۇنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىدۇ.

## 10

## خوجىنىياز هاجىم ۋاڭ ئوردىسىدا

بىشىر ۋاڭ خوجىنىياز هاجىم بىلەن بولغان ساۋاقداشلىق ۋە دوستلۇق يۈزىسىدىن، بولۇپمۇ خوجىنىياز هاجىمنىڭ قابىل مەرگەنلىكىگە خۇشتار بولۇپ، ئۇنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىدۇ. بىشىر ۋاڭنىڭ خوجىنىياز هاجىمنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىشتىكى مەقسىتى ئۇنىڭ تالانتىدىن پايدىلىنىش ئىدى. خوجىنىياز هاجىم ئوردا بەگلىرىدىن يۈسۈپبەگ چىقىپ ئۈچىنچى قېتىم تەكلىپ قىلغاندا ئاندىن ئوردىغا كېلىدۇ. بىشىر ۋاڭ هاجىمنى ناهايىتى بەك هۆرمەت قىلىدۇ.

بىشىر ۋاڭ هاجىمنىڭ مەرگەنلىكىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئوۋغا چىقىدۇ. ۋاڭ ئۈچرىغان جانلىقلارغا نىشانسىز ئوق

1931 - يىلى جەن شۇرېن ئۆزىنىڭ يېقىن تۇغ-
قىنى جاڭ گۇخۇانى ئارا تۇرۇك ناھىيىسىنىڭ سىويىول
دېگەن يېرىدىكى چازىغا باج ئەمەلدارى قىلىپ ئەۋەتى-
دۇ. بۇ شىنجاڭ بىلەن تاشقى مەڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى
مۇھىم جاي بولۇپ، باج كىرىمى ئەڭ ئۇستۈن ئىدى.
جاڭ گۇخۇا بۇ جايغا كېلىپ خىزمەت ئىشلىگەندىن
كېيىن، بىر ئۇيغۇر قىزىغا ئۆيلىنىمەن دەپ تۇرۇۋالىدۇ
ۋە قىزنىڭ ئاتىسىغا ئادەم قويۇشتىن سىرت، قۇراللىق
بېسىم ئىشلىتىدۇ. زۇلۇم دەستىدىن جېنىدىن جاق توي-
غان خەلق قاتتىق غەزەپكە كېلىدۇ. خەلق قانچە ئېغىر
بېسىقلىق قىلسا، جاڭ گۇخۇا شۇنچە ھەددىدىن ئاشىدۇ.
ئۆزىنىڭ پاك قان ۋە نەسلىنى بۇلغاشقا يول قويمايدى-
غان ئۇيغۇر خەلقى جاڭ گۇخۇاغا قارشى قوزغىلىدۇ.

خەلق بۇ قوزغىلاڭغا خوجىنىياز ھاجىمنى يېتەكچى
دەپ تونۇيدۇ (بۇ يەردە باشقا يۇرت كاتتىلىرى ئۇس-
تىدە توختالمايمىز). خوجىنىياز ھاجىمنىڭ بۇ قوزغىلاڭ-
غا قاتنىشىشىنى ۋە رەھبەرلىك قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.
بۇ تەكلىپ خوجىنىياز ھاجىم ئۈچۈن ئوكۇشلۇق شارا-
ئىت يارىتىپ بېرىدۇ، نەتىجىدە قوزغىلاڭ جاڭ گۇخۇا
ئۈستىدىن باشلىنىدۇ.

تەلەپ قىلىندۇ. بېشىر ۋاڭ ۋاڭلىقنى ساقلاپ قېلىش ئۈمىدىدە، قۇمۇلغا قاراشلىق 12 تاغ ۋە بەش شەھەردىن① مەرگەن تاللاپ ھەربىي مەشىق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن خوجىنىياز ھاجىمنى بۇ ئىشقا مەسئۇل قىلىندۇ. خوجىنىياز ھاجىم بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ 12 تاغ ۋە بەش شەھەردىكى كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىدۇ. دېمەك، خوجىنىياز ھاجىم 1929 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1931 - يىلىنىڭ بېشىغىچە بولغان بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدا ناھايىتى كۆپ قوزغىلاڭ ھېسداشچىلىرىنى قولغا كەلتۈردۇ.

× ×

جىن شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن يېڭى زېمىن دەۋرىدە قۇمۇلدا خىزمەت قىلغان ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىنى ئالماشتۇرىدۇ. ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە يېقىنلىرىنى باج كىرىمى ئەڭ كۆپ بولغان ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەر قايسى ئىقتىسادىي ئورۇنلارنى قامال قىلىدۇ. جىن شۇرېننىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ئاسان قولغا كەلگەن بۇ ھاكىمىيەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى بېيىتمەش ئىدى.

---

① بەش شەھەر — سومقاغا، تۇغۇچى، لاپچۇق، ئاستانە، قارادۆۋە.

ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلغان «توي» دېگەن بۇ غەلىبە قوزغىلاڭچىلارنىڭ تەشكىللىنىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

يۇرت كاتتىلىرىدىن سالىغ دورغا، ئابدۇنىياز مەراپ، باقى نىياز دورغا، خوجىنىياز ھاجىم، قاسىم پالۋان، يەھيا ئىمام، ئىبراھىم قۇرمىلار يېتەكچىلىكىدە قوزغىلاڭچى قوشۇن تەشكىللىنىدۇ، بۇ قوشۇنغا 12 تاغ، بەش شەھەردىكى نۇرغۇن كىشىلەر قاتنىشىدۇ. خوجىنىياز ھاجىم بۇ قوشۇننىڭ ھەربىي قوماندانى بولىدۇ.

جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى بۇ ئىشتىن ئىنتايىن ئالاقزادە بولۇپ، ياڭ زېڭشىن تۆمۈر خەلپىگە ئىشلەتكەن كونا ھىيلىنى ئىشقا سېلىپ، سۈلھىگە ئادەم ئەۋەتىدۇ. سۆھبەتتە خوجىنىياز ھاجىم: «قۇمۇلنىڭ ئامانلىقى قۇمۇل خەلقىگە تاپشۇرۇلۇشى لازىم ...» دېگەن پىكىردە چىڭ تۇرىدۇ. جىن شۇرېن ۋەكىللىرى بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ. نەتىجىدە، كېلىشىم ئورنىغا ئۇرۇش بولىدۇ.

## 12

### دەسلەپكى بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشلار

1931 - يىل 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، «توي» مۇراسىمى باھانىسى بىلەن باشلانغان قوزغىلاڭ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. جىن شۇرېن قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قوماندانى (قۇمۇل سىجاڭى)

## 11

### «توي» كۈنىدىكى غەلىبە

1931 - يىل 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئابدۇنىياز مىراپ، سالىخ دورغا، خوجىنىياز ھاجىم ... قاتارلىق يۇرت كاتتىلىرى ئاچقان قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش پىلان يىغىنى غەلىبىلىك ئاياغلاشتى.

1931 - يىل 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، داقا - دۇمباق، ناغرا - سۇنايلار بىلەن باشلانغان «توي» مۇراسىمى ھەممە كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدۇ. جاڭ گۇخۇا «قىزنى بېرىمىز» دېگەن ۋەدە بويىچە 33 نەپەر قوراللىق ئەسكەر بىلەن توي مەيدانىغا يېتىپ كېلىدۇ ...

كەچقۇرۇن جاڭ گۇخۇا قىز ھۇجرىسىغا باشلىنىدۇ. جاڭ گۇخۇا ھۇجرىغا كىرىش بىلەنلا قىزچە ياسانغان يىگىت (ئىمىن ئىسمايىل) نىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتىدۇ. ئىمىن جاڭ گۇخۇانى قۇچاقلاپ ئالغان پېتى جايىدىلا ئۇجۇقتۇرىدۇ. بۇ چاغدا توي مەيدانىدا تەييار تۇرغان يىگىتلەر جاڭ گوخۇانىڭ 33 نەپەر ئەسكىرىنى بېسىق-تۇرىدۇ. قورالغا ئىگە بولغان يىگىتلەر دەرھال جاڭ گۇخۇا تۇرۇشلۇق قورغانغا قاراپ ئاتلىنىدۇ. قورغان ئەمەلدارى ئابدۇنىيازنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، قورغاندىكى 100 دىن ئارتۇق چېرىك يوقىتىلىدۇ.

خوجىنىياز ھاجىم ئۈچ ناھىيىنىڭ يولىنى كونترول قىلىدىغان بۇ ستراتېگىيىلىك جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماسلىشىپ جەڭ قىلىدۇ. جىڭ ئەن باشچىلىقىدىكى بۇ بىر باتاليون دۈشمەن ئەسكىرى خوجىنىياز ھاجىم قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تەل - تۆكۈس يوقىتىلىدۇ. بۇ ئۇرۇشنىڭ قىسقىچە ئەھۋالىنى مۇنۇ قوشاقتىن ئاڭلاڭ:

خويمۇ ئوبدان جەڭ بولدى،
كوشوتى دىگەن جايدا.
جىڭ ئەن باشلىق چېرىكلەر،
تامام ئۆلدى شۇ جەڭدە.

بىر قانچە قېتىملىق ئۇرۇشلار غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىلىپ، دۈشمەن قىسىملىرى مەغلۇپ بولىدۇ. پۈرسەتتىن پايدىلانغان يولۋاس دەرھال قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا بېرىپ قوشۇلۇۋالدى. مۇشۇ كۈنلەردە گەنسۇ، چىڭخەي ئەترابلىرىدا خەلقنى بۇلاپ - تالاپ، مابۇفاڭدىن قېچىپ يۈرگەن ماجۇڭيىڭ 200 دەك ئاتلىق ئەسكىرى بىلەن قۇمۇلغا چىقىدۇ. خوجىنىياز ھاجىم باشچىلىق قىلغان قوزغىلاڭچى قوشۇن قۇمۇل شەھىرىنى قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا، ماجۇڭيىڭ قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇپ جەڭ قىلىدۇ. ئۇرۇشتىن كېيىن ماجۇڭيىڭ خەلق تەرىپىدىن قارشى ئېلىنىدۇ.

لیۋشمزىڭغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، قوزغىلاڭنى باستۇرماقچى بولدى. لیۋشمزنىڭ يولۋاس باشچىلىقىدا قوشۇن ئەۋەتتى. يولۋاس باشچىلىق قىلغان قوشۇندىكى ئەسكەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۇرۇشتا ئۆلۈپ، بىر نەچچىسىلا ساق كېلەلىدى. تۆۋەندىكى قوشاقتىن ئۇرۇش ئەھۋالىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

سايلار ئارا چىرىك چىقتى،
ئەلىمنى دىڭگا يىتىپ.
چەنلەپ ئاتتۇق، دۈشمەن قاچتى،
مۇرسىنى قىڭغا يىتىپ.

چىقىپ كەلگەن چىرىكلەر،
ئارىلاپ ئاتتى تاغ - تاغنى.
تاغچىلار يامان ئىكەن.
تارتىۋالدى جۇن چاڭنى.

بىر قانچە قېتىم چىقىرىلغان ئەسكەرلەر قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن زەربە يىدى.

يولۋاس باشلاپ چىققان قىسىم زىيانغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، لیۋشمزنىڭ باتالیون كوماندىرى جىڭ ئەن بىلەن بىر باتالیون ئەسكەر ئېلىپ كوشوتى داۋىنغا چىقىدۇ. يەر شارائىتىنى بىلەن پىششىق تونۇش، ئۇرۇش تاكتىكىسىغا ئۇستا

شىڭشىسەي قوشۇنى بىلەن ئۇرۇشىدۇ. خوجىنىياز ھاجى قىسىملىرى 1 - سەپتە، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى 2 - سەپتە ئىدى. ئۈچ كۈنلۈك ئۇرۇشتىن كېيىن، شىڭشىسەي قورشاپ ھۇجۇم قىلىدۇ... ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنى باشلاپ گەنسۇغا چېكىنىدۇ. خوجىنىياز ھاجىم ئۆز قىسىملىرىنى تاراتۇغا ئېلىپ كېتىدۇ.

ماجۇڭيىڭ گەنسۇغا چېكىنىش ۋاقتىدا قۇمۇل خەلقىنى ئېغىر ھالدا بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدۇ، قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىغا ئوت قويۇپ بېرىدۇ.

دەل مۇشۇ پەيتتە، شىڭشىسەي خوجىنىياز ھاجىنى سۈلھ سۆھبىتىگە تەكلىپ قىلىدۇ. خوجىنىياز ھاجىم سۆھبەتكە كېلىدۇ. لېكىن تۆت كۈنلۈك سۆھبەتتە خوجىنىياز ھاجىمنى ئۆز مەقسىتىگە بويسۇندۇرالمىغان ياۋۇز شىڭشىسەي رەزىل ۋاستە قوللىنىپ ئۇنى تۇتۇپ قالىدۇ. خوجىنىياز ھاجىم دەرھال ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ شىڭشىسەي ۋە ئۇنىڭ قىسىملىرىنى ئالداپ تاغقا ئېلىپ چىقىدۇ. قوزغىلاڭچىلار بار جايغا كەلگەندە غايىپ بولىدۇ ۋە شىڭشىسەي ئەسكەرلىرىگە ئەجەللىك زەربە بېرىدۇ. بۇ زەربىدىن كېيىن شىڭ شىسەي بارلىق قوشۇنىنى توپلاپ تاراتۇغا چىقىپ، قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرماقچى بولىدۇ. ئەمما ئۇرۇشقا ماھىر قوزغىلاڭچىلار شىڭشىسەينىڭ 100 دىن ئارتۇق ئەسكىرىنى ئۆلتۈرىدۇ. بۇنى كۆرگەن شىڭشىسەي تىكىۋېتىدۇ.

قوزغىلاڭچىلار «يېڭى شەھەر» ۋە «كونا شەھەر» دېگەن ئىبارەت بۇ ئىككى شەھەرنى ئۇزۇن مۇددەت مۇھاسىرە قىلىپ ئالالمايدۇ. مانا جۇڭيىڭ گەپ - سۆزسىز لا قوشۇنلىرىنى بارىكۆلگە يۆتكەپ كېتىدۇ. كېيىن جىن شۇرېن ئەۋەتكەن لۈيجاڭ دۇجىڭگو باشچىلىقىدىكى ئەسكەرلەر بىلەن لاۋدۇڭ دېگەن جايىنىڭ چىڭلۇچەن دېگەن يېرىدە سوقۇشۇپ، دۇلۈيجاڭ قىسىملىرىنى مەغلۇپ قىلىدۇ. بۇ ئۇرۇشتىن كېيىن تۆۋەندىكى قوشاقلار توقۇلىدۇ:

لاۋدۇڭدىكى سوقۇشتا،
يىپۇەنچەنگە ئات سالدۇق.
دۇلۈيجاڭنىڭ چېرىكىنى،
چىڭلۇچەندە قاق سالدۇق.

خوجىنىياز ھاجى باش بولۇپ،
يىزنى جەڭگە باشلىدى.
دۇلۈيجاڭنىڭ چېرىكى،
قوراللىرىنى تاشلىدى.

دۇلۈيجاڭ قوشۇنىنىڭ يوقىتىلغانلىقىنى ۋە قومۇلنىڭ مۇھاسىرىدە قالغانلىقىنى ئاڭلىغان جىن شۇرېن شېڭ زىخۇي (شېڭشىسەي) نىڭ قوماندانلىقىدا بىر لۈي ئاتلىق (موڭغۇل، شىبە، رۇس) ئەسكەرلىرىنى قومۇلغا ئەۋەتىدۇ. خوجىنىياز ھاجى لاۋدۇڭدا

ئەرسىلەرنى سېتىۋالىدۇ ھەم ئۆز قىسىملىرى ئىچىدىن بىر قىسىم كىشىلەرنى تاللاپ، ھەربىي شوپۇرلۇق، قورال - ياراق رېمونت قىلىش، دوختۇرلۇق، ساقچى ۋە ھەربىي رازۋېت قاتارلىق ساھەلەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتىدۇ.

[قىستۇرما سۆز: 1928 - يىلى شىنجاڭدا زۇلۇم ھەددىدىن ئېشىپ، يۇرتىدا تۇرۇشقا ئىمكانىيىتى قالمىغاندا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن 180 دىن ئارتۇق كىشى تاشقى موڭغۇلىيىگە بېرىپ، ئوقۇش، ھۈنەر ۋە باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى. بۇلاردىن تۇردى ئاخۇن (تۇرپانلىق)، ئابلا مەخسۇم (قەشقەرلىك)، ھوشۇر اخۇن ئەۋەيدۇل، خامى نىياز، ئاست ئاخۇن، جامال قارى، مەتنىياز ئاخۇن، ئىمىن ئەپەندى، يۈسۈپ موڭغۇل، ھاۋدىن ساۋۇت (ھازىرمۇ ھايات)... قاتارلىق كىشىلەر موڭغۇلىيىگە بارغاندىن كېيىن، موڭغۇلىيىگە تارقالغان سوتسىيالىستىك ئىدىيىنى قوبۇل قىلغانىدى. ئۇلار يېڭىلىق ئۆگەنگەن، بەزىلىرى ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىئونالغا قاتناشقان كىشىلەردىن ئىكەن. خوجىنىياز ھاجىم ئەۋەتكەن كىشىلەردىن تالىپ ھاجى، سەمەت ئاخۇن ۋە تاشقى موڭغۇلىيىدە تۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلاردىن بىرقانچىسى بولۇپ، شوپۇرلۇقنى ئۆگەنگەن، خېۋدىر ئاخۇن، ھوشۇر ئاخۇن قاتارلىق بىرقانچە كىشى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان].

خوجىنىياز ھاجىم قالغان قىسىملىرىنى داۋاملىق مەشق قىلدۇردى. بىر تەرەپتىن ئالتايدىكى شېرىپخان

## 13

### خوجىنىياز ھاجىم چېگرىدا

1931 - يىلى كەچ كۈزدە، خوجىنىياز ھاجىم ئۇمۇمىي ئەھۋالنى كۆزەتكەندىن كېيىن، قىسىملارنى تەرتىپكە سالدۇ ۋە بىر قىسىم كىشىنى باشلاپ شىنجاڭ نىڭ موڭغۇلىيە بىلەن تۇتىشىدىغان مىڭگاڭ دېگەن چېگ- رىغا باردۇ. ئۇ يەردە ۋەكىللەرنىڭ سۆزلىشىشى ئارقى- لىق موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن ئورتاق چۈشەنچە ھا- سىل قىلغاندىن كېيىن، موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى خوجىنى- ياز ھاجىم باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى- نى قوللايدۇ. خوجىنىياز ھاجىم ئوسمانباي، ئىسمايىل ھاجى، سالىخ دورغا، ئوسمانشا، يولۋاس ۋە سەمەتئاخۇن قاتارلىقلارنى ۋەكىل قىلىپ موڭغۇلىيىگە ئەۋەتىدۇ. مۇڭ- غۇلىيە ھۆكۈمىتىمۇ ئاباي (قازاق) ۋە ئۇنىڭ خوتونى- تەن شىگلى (موڭغۇل)، شېرىپ ئاخۇن ۋە ئۇنىڭ خوتونى دىلنۇس، بەدى خوجا قاتارلىق ۋەكىللەرنى خوجىنىياز ھاجىم يېنىغا ئەۋەتىدۇ. خوجىنىياز ھاجىم مۇشۇ مۇنا- سىۋەت بىلەن مىلتىق (بەزىلەر 120 دانە، يەنە بەزى- لەر 70 دانە دەيدۇ)، 20 نەچچەساندۇق ئوق - دورا، 500 قۇر پاختىلىق كىيىم، 600 جۈپ چىگرىدىن ئۆتۈك، 100 دانە يامغۇرلۇق چاپان، 500 جۈۋا ... قاتارلىق

بۇ چاغدا ئالتايدىن خوتەنگىچە، قۇمۇلدىن تاش-قورغانغىچە بولغان كەڭ زېمىندا ئىنقىلاب ئوتچقۇنى يان-غان بولۇپ، شىنجاڭدا ئۇزۇن يىل ھۆكۈم سۈرگەن مۇس-تەبىت ھۆكۈمەتنىڭ يىلتىزى بوشاپ گويا شامال چىقسىلا قومۇرۇلۇپ كېتىدىغان يانتاققا ئوخشاپ قالغانىدى.

## 14

### تاراتۇ يىغىنى

1932 - يىل 6 - ئايدا، قوزغىلاڭچىلار خوجىنىياز ھاجىمنى باش قوماندان قىلىپ بەلگىلەيدۇ.

خوجىنىياز ھاجىم باش قوماندان بولغاندىن كې-يىن، تاراتۇدا يىغىن چاقىرىدۇ. بۇ يىغىنغا قۇرۋان دورغا، سالى دورغا، سالى مەتنىياز دورغا، ئابدۇنىياز مىراب، باقى نىياز دورغا، ناسىر موتىسىپ، يۇسۇپدور-غا، تۆلەن قورمال، توختىنىياز دورغا، توختىنىياز مە-راب، ئىمىن توخسۇن مىراب، سادىق قورمال، خوجىنى-ياز باي، خوجا ئاخۇن قاتارلىقلار قاتنىشىدۇ.

يىغىن، ئىتتىپاقلىشىپ جىن شىۇرىن ھاكىمىيتىگە قارشى تۇرۇشنى ئاساس قىلغان ھالدا، يېرلىككە كېلىپ قوماندانلىققا بويسۇنۇش، تاشقى مۇگغۇلىيە بىلەن بول-غان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ (سالى دورغا، باقى نىياز دورغىلارنى ئەۋەتىپ) قورال - ياراق سېتىۋېلىش ۋە

تۆرە، يەنە بىر تەرەپتىن تۇرپاندىكى مەخسۇت مۇھىتىلار بىلەن مەسلىھەت قىلىپ، قوزغىلاڭ پىلانىنى رەسمىيلەش- تۈردى. 1932 - يىلىنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا خوجىنىياز ھاجىم قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئۆز يۇرتى تاراتۇغا يۆتكى- لىدۇ. خوجىنىياز ھاجىمنىڭ چېكىدا قانچىلىك ئۇزاق تۇرغانلىقىغا مۇنۇ شېئىر گۇۋاھ بولالايدۇ:

ئالتە ئاي ياتتۇق مىنگاڭدا،
سوكسوك بىلەن ئوت قالاپ.
كۆزنىڭ گۆھىرى ئاقتى،
قۇمۇل يولىغا قاراپ.

بىزلەر ئۆلۈپ كەتسەكمۇ،
ئەل يۇرتلار ئامان قالسۇن.
بىزنى دېگەن يارانلار،
ئۆلمەستىن ئامان قالسۇن.

دېمەك: بۇنىڭدىن قارىغاندا، خوجىنىياز ھاجىم يېرىم يىلدەك چېگرىدا تۇرۇپ ئەسكەر تەربىيىلىگەن. خوجىنىياز ھاجىمنىڭ موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى ھازىرلىقى- غا قارىغاندا قوشۇنىنىڭ ئادەم سانى 7-8 يۈزدىن ئاشسا كېرەك.

خوجىنىياز ھاجىم چېگرىدىن قايتىپ يۇرتى تاراتۇ- غا كەلگەندىن كېيىن، ئاز ۋاقىت ئەسكەرلەرنى دەم ئال- دۇرۇپ، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ، كې- يىنكى ئىشلار ئۈچۈن جىددىي ھازىرلىق كۆرىدۇ.

مەجبۇر قىلغاندا ماجۇڭيىڭ دۈشمەن قىسىملىرى بىلەن ئاستىرتتىن مۇناسىۋەت باغلاپ قورال - ياراقنى ئۆزى ئىگىللىۋېلىپ ئەسكىرى كۈچىنى كۆپەيتتى. بۇنىڭدىن خوجىنىياز ھاجى قاتتىق نارازى بولدى. شېڭ شىسەي بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن خوجىنىياز ھاجىم بىلەن ماجۇڭيىڭغا يوشۇرۇن ئەلچى ئەۋەتىپ ئىككى كۈچ ئوتتۇرىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ زىددىيەت پەيدا قىلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ۋە قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئىگە بولۇپ كېلىۋاتقان قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلاڭچىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ ۋاسىتە قىلىشى بىلەن شېڭ شىسەي بىلەن دوستلۇق كېلىشىمى تۈزدى. بۇ 1933 - يىلىنىڭ 6 - ئاي-لىرى بولۇپ، شېڭ شىسەي ئاتالمىش «12 - ئاپرېل» ئۆزگىرىشىنى قىلىپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتقان ۋاقىت ئىدى.

شۇ ئىشلاردىن كېيىن، خوجىنىياز ھاجىم قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ ئۇششاق تالغا بارغاندا ماجۇڭيىڭ قىسىمىدىن بولغان ماشىمىڭ قىسىملىرى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ ھۇجۇم قىلدى. خوجىنىياز ھاجىم بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىپ كۇچارغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. ماشىمىڭ قول ئاستىدىكى مافۇيۈەنگە خوجىنىياز ھاجىم بىلەن ئۇرۇشۇش، قەشقەرگە بېرىپ يېڭى شەھەردە قا-

ئۇلاردىن ياردەم سوراش، يولۋاسنىڭ بۆلگۈنچىلىك قى-
لمىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ماجۇڭيىڭنى تەكلىپ قىلىپ
جىن شۇرېن قىسىملىرىغا ئىككى تەرەپتىن زەربە بېرىش-
نى قارار قىلدى. بۇ تاراتۇ يىغىنى دەپ ئاتالدى.

يىغىندىن كېيىن تاشقى موڭغۇلىيە ۋە ئەنشىگە ئا-
دەم ئەۋەتىلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي موڭغۇلىيىدىن جاڭسېن
دورغا، ئاباۋ، نىياز، قاسىم ئەپەندى، ئىسمايىل،
زەردىن قاتارلىق كىشىلەر كېلىپ، موڭغۇلىيە ھۆكۈمى-
تىنىڭ قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قوللايدىغانلىقىنى
بىلدۈردۇ ھەمدە 500 كىشىلىك ھەربىي كىيىم، 70 تال
مىلتىق، 40 مىڭ سەر پۇل ياردەم بېرىدۇ.

1932 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا پىچان ئۇرۇشى باشلى-
نىدۇ. 1933 - يىلى توخسۇندىمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلىدۇ.
33 - يىلى 2 - ئايدا خوجىنىياز ھاجى تۇرپانغا چىقى-
دۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان شېڭ شىسەي بىر بۆلۈم
ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىنى باشلاپ لۈكچۈنگە كېلىپ
خوجىنىياز ھاجىم بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇ كۈنلەردە
مەھمۇت مۇھىتى بىلەن خوجىنىياز ھاجىم ئۇچرىشىپ
بىر يىغىن چاقىرىپ كوكيار ئارقىلىق مورى، گۇچۇڭ
تەرەپكە ئۆتۈپ ئورۇمچىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولىدۇ.
بۇ دەل ماجۇڭيىڭ شىنجاڭغا ئىككىنچى قېتىم چىققان
ۋاقىت بولۇپ، ئۇ گۇچۇڭنى ئىشغال قىلىپ بىر قانچە
مىڭ تال قورالغا ئىگە بولۇۋالىدۇ، خوجىنىياز ھاجىم
جىمسارغا ھۇجۇم قىلىپ دۈشمەننى قورال تاپشۇرۇشقا

يېتىپ كەلگەن مافىيوەن قىسىملىرى ۋە ئۇرۇمچىدىن چېكىنىپ قەشقەرگە كەلگەن ماجۇڭيىڭ قىسمى بىرلىشىپ خوجىنىياز ھاجىمغا ھوجۇم قىلىدۇ. نەتىجىدە خوجىنىياز ھاجى ئاتۇش ئاغۇ تاغلىرىغا چېكىنىپ ئەركەشتامغا بېرىپ ئىسھاق بەگنى (ئىسھاق بەگ ئۇ چاغدا ئەركەشتام چېگرا قوغدىغۇچىسى- يەيجاڭ ئىدى) ۋاستە قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىلى بىلەن كۆرۈشىدۇ (شۇ چاغدا بىللە بولغان يول باشلىغۇچى قاسىم تاش ھازىر ھايات). سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ھەممە ئىشىنى قوللاش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ساۋۇت داموللا ھۆكۈمىتىگە يەخرى «رەئىس جۇمھۇر» بولغانلىقىنى ئەيىپلەيدۇ. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىدىنمۇ ساۋۇت داموللىنى قولغا ئېلىش ۋە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى تارقىتىۋېتىش ھەققىدە بۇيرۇق كېلىپ تۇرىدۇ. خوجىنىياز ھاجى ساۋۇت داموللا ھۆكۈمىتىنىڭ باشباشتاقلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، يەركەن تەرەپتە تۇرۇۋاتقان مەھمۇت سىجاڭغا ساۋۇت داموللىنى قولغا ئېلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» گە خاتىمە بېرىدۇ.

خوجىنىياز ھاجى ئەركەشتامدىن يەركەنگە كەلگەندە ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى قۇتراپ يەنە ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلىنىدۇ. بۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجىم ۋە مەھمۇت سىجاڭلار يەركەن دەرياسىنى بويلاپ ئاقسۇغا كېلىپ،

ملىپ قالغان ماجەنساك قىسمىنى قوٗتوٗلدوٗروٗشقا بوي-روٗق بىرمدوٗ.
خوجىنىياز ھاجىم 3000 گە يېقىن ئادىمى بىلەن ئالدىدا، مافۇيوٗەن بىر قانچە يۇز كىشىلىك قوشۇنى بىلەن ئارقىدىن جەنوٗبىي شىنجاڭغا قاراپ ماڭدوٗ. كۆروٗنوٗشتە خوجىنىياز ھاجىم قاچقان، مافۇيوٗەن قوغلاپ ماڭغان بىر ۋەزىيەت شەكىللەندوٗ.
خوجىنىياز ھاجىم ئاقسوٗغا كەلگەندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال - ياراق ئالدوٗ. ئوٗ چاغدا ئاقسوٗغا خوتەن قىسىملىرى، قەشقەردىكى تۆمۈر سىجاڭ-دىن قالغان قىسىم، ئاقسوٗدىكى باي سىجاڭ قىسمى بو-لوٗپ 5 مىڭغا يېقىن كىشىلىك قىسىم توپلانغانىدى.
خوجىنىياز ھاجىم ئاقسوٗدا توٗرغان مەزگىلدە خەلق يىغىنى ئېچىپ، پەن - مائارىپنى تەرەققىي قىلدوٗروٗش، مەكتەپ ئېچىش ھەققىدە نوتۇق سۆزلەيدوٗ، بوٗنىڭ تە-سىردە پوٗتوٗن شىنجاڭدا مىللىي مائارىپ يولغا قويۇ-لوٗپ، شەھەر، يېزا - قىشلاق، كەنتلەرگىچە شەخسىي مەكتەپ سېلىش باشلىنىپ كېتىدوٗ. خوجىنىياز ھاجىم-نىڭ تەشەببوٗسى بىلەن 1934 - يىلدىن 1944 - يىلغىچە شىن-جاڭدا قوٗروٗلغان مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي ھوٗلىنى قو-روٗشقا تۆرتكە بولغان.
خوجىنىياز ھاجى قەشقەرگە يېتىپ بېرىپلا ماجەن-ساك قىسىملىرىغا ھوجۇم قوزغايدوٗ، ئوٗروٗش ئوٗزوٗنغا سوزوٗلىدوٗ ۋە شىددەتلىك بولىدوٗ. شوٗ ئەسنادا ئارقىدىن

ھاجىمغا سىياسىي دەرس ئۆتتى. بۇ دەرس مەنسۇر ئەپەندى، سىيىت ھاجىلار تەرىپىدىن ئۆتۈلگەنلىكىگە قارىغاندا، بەلكىم سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب تارىخىدىن لېكسىيە بېرىلگەن بولۇشى مۇمكىن. مەيلى قانداق بولمىسۇن، خوجىنىياز ھاجىم ئۇرۇمچىگە كېلىپ ئايلار ئۆتكەنسېرى «ئەسكەرسىز قوماندان، ھوقۇقسىز ئەمەلدار» بولۇپ قۇرۇق جازىغا ئىگە بولغانلىقى، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭ تۆمۈر خەلپە ئورنىغا دەسسەپ ئالدىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ-دە، كېلىپ قالغانلىقىغا پۇشايمان قىلىدۇ، ئۈمىدسىزلىنىدۇ. ئۇ، شاھماتقا بېرىلىپ قانچە تەدبىرلەر بىلەن ئۇرۇق يۆتكەپ كۆرسىمۇ، شاھنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنىڭ قولىدىكى ئىشەنچلىك بولغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسىرلەر ئەندىلىكتە شېڭ شىسەي قوماندىنىدا بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا خوجىنىياز ھاجىم ھەممە ئىشتىن ئۆزىنى تارتىپ شەخسىي ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. خوجىنىياز ھاجىمنىڭ بۇنداق بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس، چۈنكى:

«رەقىپ دوستى يولۇم توستى
ۋاپا تاشىنى ئىرغاتتى»

مانا مۇشۇنداق شارائىتتا ھەر قانداق ئاقىلنىڭ ئاقىۋىتىمۇ ئاماللسىزلىقتىن خالى بولالمايدۇ. «36 ھىي-

خوجىنىياز ھاجىم جەنۇبىي شىنجاڭ باۋۋىي سىلىڭ (گارنىزون قوماندانى) ئۇنۋانى بىلەن ئاقسۇدا بىر مەزگىل تۇردى.

خوجىنىياز ھاجى ئاقسۇدا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە شېڭ شىسەي خوجىنىياز ھاجىمنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى قىلىپ تەيىنلەپ شۇ ۋاقىتتىكى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلدى. خوجىنىياز ھاجى بۇ تەكلىپنى رەت قىلىپ ئاقسۇدا تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مەھمۇت سىجاڭ قاتارلىقلارمۇ قوشۇلمايدۇ.

بۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ئەفرىسوف ئاتايىن ئاقسۇغا بېرىپ تولۇق كاپالەت بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن خەنزۇچە، رۇسچە، ئۇيغۇرچە 3 خىل يېزىقتا توختام تۈزۈلىدۇ. خوجىنىياز ھاجى 1934 - يىل 8 - ئايلاردا ئۈرۈمچىگە كېلىپ ھازىرقى 2 - دوختۇرخانا ئالدىدىكى سودا ئىدارىسى قورۇسىغا چۈشۈپ جايلىشىدۇ. ھامىتخان لۈيجاڭ 200 دەك ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ 9 - ئايلاردا يېتىپ كېلىدۇ.

15

## خوجىنىياز ھاجىمنىڭ قولغا ئېلىنىشى ۋە ئۆلتۈرۈلۈشى

خوجىنىياز ھاجىم ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، سوۋېت كونسۇلخانىسى خوجىنىياز

مەخپىي سوت ھەققىدە يازغان ئەسلىمىسىدە:① خوجىنى-ياز ھاجىم قاتارلىق 108 كىشىنىڭ ئۆلۈم ھۆكۈمى مۇسكۋادىن تەستىقلانغان، ھاشىم ھاجى② باشچىلىقىدىكى جازا گۇرۇپپىسى ئۇلارنى سىرتماق سېلىپ بوغۇپ ئۆلتۈرگەنلىكى بايان قىلىنغان.

## 16

## ئۆلۈم ئالدىدىكى سۆز

1937 - يىلى جاللات شېڭ شىسەي «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خوجىنىياز ھاجى يېقىن ئادىمى ئىسمائىل ھاجىنى سۈيىقەستكە مەخپىي ئەۋەتىپ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ جاسۇسلار باشلىقى شوي تىيەن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، شىنجاڭدا ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشقا ئۇرۇندى...» دېگەن تۆھمەت ئەنزىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى خوجىنىياز ھاجىم باشلىق مۇھىم ئادەملەرنى قولغا ئالدى.

خوجىنىياز ھاجىم ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان دەھشەتلىك قىيىن - قىستاقلىق سوراقلار سوۋېت

① شى يۈەنۋۇنىڭ ئەسلىمىسى – «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 1 - قىسىمدا ئېلان قىلىنغان. شۇ كىتابنىڭ 11 - بېتىگە قاراڭ.

② ھاشىم ھاجى: شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تەكلىپ قىلىپ كەلگەن ئاخبارات مۇتەخەسسىسى. ئۇ، ئۇزۇن يىل شېڭ شىسەي ج خ باشقارمىسىدا تۇرغان، كېيىن ۋەتىنىگە قايتقان.

لە①» دىن ئېشىپ چۈشىدىغان، شىڭ شىسەينىڭ بۇ
سىياسىي سۇيىقەستلىك ھىيلىسى خوجىنىياز ھاجىمنى ئا-
خىرقى ھېسابتا «ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ قۇيرۇقى»
دېگەن تۆھمەت بىلەن 37 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 -
كۈنى قاماشقا ئېلىپ باردى.
خوجىنىياز ھاجىم قولغا ئېلىنىش بىلەن ئۇ-
نىڭ مال - مۈلكى پېچەتلىنىدۇ، خوجىنىياز ھاجىمنىڭ
ئاتالمىش «جىنايەتلىرى» ئېلان قىلىنىدۇ. ھەتتا دوغ-
لى سەئدۇللا نامىدا يېزىلغان ماقالىدا «ئۇ مېنىڭ دا-
دام ئەمەس، ئۇ خائىن، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ قۇي-
رۇقى...» دېگەن سۆزلەر بېسىلىدۇ.
جۇڭگودا تۇغۇلۇپ ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تەر-
بىيىسىنى ئالغان شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ
تاغدا ئۆسكەن خوجىنىياز ھاجىنى ياپوننىڭ قۇيرۇقى،
خائىن دېگەنلىكى، شۇ بوھتان بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىكى
ئەپكار ئاممىنىڭ ئويلاپ كۆرۈشىگە، توغرا خۇلاسە
چىقىرىشىغا ئەرزىيدۇ.
بىز بىلەن ئۇزۇن يىل ئەمگەك تەربىيىسىدە بىل-
لە بولغان، ئەينى ۋاقىتتا شىڭ شىسەي گومىنداڭ گۈەن-
لىجۈينىڭ تەرجىمانى ۋە كاتىپى بولۇپ ئىشلىگەن شى-
يۈەنپۇ (شىبە) نىڭ خوجىنىياز ھاجىمنىڭ قولغا ئېلىنى-
شى، سوراق جەريانى ۋە مەخپىي سوتنىڭ ھۆكۈم ئەھ-
ۋالى قاتارلىق ئىشلار توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەن ۋە

① 36 ھەملە — جۇڭگىيانىڭ 36 ھەملىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىس - تۈتەك قاپلىغان ئۈرۈمچى ئاسمىنى گويا مەڭگۈ تاڭ ئاتماس كېچىدەك بىلىنەتتى. ئۈرۈمچى 2 - تۈرمە① ئىچى ئاھۇ - پەرياد، قايغۇ - ماتەمگە تولغان. قولىدا يوغان كالتەك ۋە سىم ئارقان تۇتقان جاللاتلارنىڭ كۆزىدىن قان تېمىپ تۇراتتى...

نومۇرسىز ئىشخانا ئىچىدە توققۇز نەپەر ياۋۇز ئەبلەخ چىرايى تاتارغان ھالدا ئىشىككە قاراپ ئولتۇراتتى. قويۇق قاش، كەكە ساقال كىشى ئىشىكتىن كىردى - دە، ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن سوراق ئۈستىلىدە تۇرغان بىر پارچە قەغەزگە كۆز تاشلىدى.

ئۈستەل ئۈستىدىكى قەغەزنى ئالغان بىر كاتىپباش، — ئىسمىڭ نېمە؟ دەپ سورىدى.

— ھەي، سەن مېنىڭ ئىسمىمنى بىلمەيتتىڭغۇ؟ — دېدى «جاۋابكار».

— بىلسەممۇ قائىدە بويىچە سورايمەن.

— ھە! خوجىنىياز، — دەپ جاۋاب بەردى «جاۋابكار».

كاتىپباش ھۆكۈمنامىنى ئوقۇپ بولۇپ ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى، دېگەندە، قاقاھلاپ كۈلگەن خوجىنىياز ھاجى «ماڭا كەلگەن بۇ ئۆلۈم مەن ئۈچۈن يېڭىلىق ئەمەس. مەن ئالدىنىپ ئۈرۈمچىگە كەلگەن

---

① 2 — تۈرمە — ھازىرقى ئوتتۇرا سوت ئورنىدا ئىدى.

ئىتتىپاقتىن كەلتۈرۈلگەن سىمېيونوۋ، ياقۇپ ۋە ھاشىم ھاجىلار باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلدى.

1938 - يىلى كۈزدە ئاياغلاشقان سوراق خوجىنىياز ھاجىم باشلىق قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبەرلىرىدىن سالىخ دورغا، گوسۇل، باقى نىياز ھاجى قاتارلىقلار ھەم شېرىپخان تۆرە، يۇنۇسبەگ، ماۋۇنلۇ، ماشاۋۇۋ، خۇاڭزۇڭشىن، مەمەت پۇزىۋاڭ، بۇغدا باي، تۇرسۇن بابا، ھەسەنپاڭگاڭ، تۇردى ئاخۇنباي، سوپى شەنجاڭ، نىيازداخەن ئىسمايىل داتۇ، ھەيدەر ئەپەندى، تۆمۈر غالى، سوپىزادە، زەيدىن كارۋان، كامال ئەپەندى، ئابباس ئەپەندى، بوقان خېلىل، رەقىب، جاڭشىن، چىڭدەنلى قاتارلىق 108 ئادەمنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ جاڭگۇاڭچەن مەسئۇللىقىدا سايىپۇنىڭ غەربىدىكى تاغقا كۆمدۇ.

× × ×

ئاقارغان يۈز، قىيىلغان قاش، قۇيۇلغان ياش،
كېسىلگەن باش، چۇگۇلغان چاچ، تۆكۈلگەن قان.
تىتىلغان تەن، تۇرۇلگەن مۇش، كىرىشكەن چىش،
پۇتمەس غەزەپ، ئىز بولۇپ چىقتى بۇ جان.

— ئەنۋەر ناسىرى 38 - يىل

رەئىس سەھنىسىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى، ئىنقىلابىي ياشلار ۋەكىللىرى، ھەربىيلەر، ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى، ئەينى ۋاقىتتا قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان كىشىلەر ماتەم بىلدۈرۈپ سۈكۈتتە تۇراتتى.

بۇ ماتەم مۇراسى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېچىلغانىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى تەزىيە نۇتقىدا قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابى ۋە خوجىنىياز ھاجىمنىڭ پائالىيىتى توغرىسىدا قىسقىچە توختالغاندىن كېيىن، ئۆلكىمىزدە ئەسىرلەپ ھۆكۈم سۈرگەن فېئودال ئىستىبداتلىق تۈزۈم ۋە ئۇنىڭ ئىجراچىسى بولغان ياڭ زىڭشىن، جىڭشۇرېندىن ئىبارەت ئىستىبدات ھاكىمىيەتنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن بالايى - ئاپىتى، زۇلۇمغا قارشى قوزغالغان قۇمۇل خەلقىنىڭ جىڭ شۇرېننىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغانلىقى، ئۇنىڭ ھېۋىسىگە ئىگە بولۇۋالغان جاللات شېڭشىسەينىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان 10 يىل جەريانىدا خەلققە كەلتۈرگەن ئازاب - ئوقۇبەتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ: قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابى فېئودال ئىستىبدات ھاكىمىيەتنىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغالغان ئىنقىلاب، بۇ ئىنقىلاب شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى

كۈننلا ئۆلۈپ بولغان. ئېيتىپ قوي! شىڭدوبەن دېگەن خۇنپەر لوموديغا! مەن ئۆلگەن بىلەن خەلقىم ئۆلمەيـ دۇ! ئىنقىلاب تۈگىمەيدۇ!...» بو خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى سۆزى ئىدى.

## 17

## قايغۇلۇق ماتەم مۇراسىمى

1947 - يىل 4 - ئاينىڭ × × كۈنى ئۈرۈمچى شەھەر كوچىلىرى ئاپئاق سەللە ئورىغان مويسىپىتلەر، ئاق باغلىغان ئىشچى - خىزمەتچى، ھۈنەرۋەن - كاسىپلار، ئاق لېچەك سالغان مەزلۇملار، رەت - رەت تىزىلىپ پىلاكات كۆتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، ماتەم بەلگىسى تاقىغان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملىرى، ئوماق بالىلار بىلەن تولغانىدى. كوچا - كوچىدىن ئايىغى ئۈزۈلمەي چىقىۋاتقان خەلق توپى ماتەم مۇراسىمى مەيدانىغا قاراپ ئاقماقتا ئىدى.

نەچچە مىڭ ئادەم توپلانغان ماتەم مۇراسىمى مەيدانىدا پىغانلىق يىغا ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

رەئىس سەھنىسى ئۈستىگە تارتىلغان پىلاكاتقا: «مەرھۇم خوجىنىياز ھاجىم ۋە شېرىپخان تۆرىلەرنىڭ ماتەم مۇراسىمى» دەپ يېزىلغان.

## ھۆرمەتلىك ئوقۇغۇچىلار

يۇرتىمىز بىر قانچە ئەسىردىن بۇيان فېئودال قۇللۇق ئاسارىتىدە بولۇپ كەلدى. تارىختىكى زۇلۇمغا قارشى كۆرەشلىرىمىز ئىستىبدات كۈچلەرنىڭ زوراۋانلىقى، ئىچكى ساتقىنلارنىڭ خائىنلىقى تۈپەيلىدىن پاجىئەلىك بېسىقتۇرۇلدى. 30 - يىللار تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئىنقىلاب بولغان خوجىنىياز ھاجىم باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا شۇ يول بىلەن ئاياغلاشتى. لېكىن قوزغىلاڭنىڭ قانداق ئاخىرلاشقىنىنى دېمەيلا قويايلى، ئۇ (قوزغىلاڭ) يۇرتىمىزدا ئۇزۇن يىللار ھۆكۈم سۈرگەن ئىستىبدات قارا ھاكىمىيەتنى ئاخىرقى ھېسابتا ئۆرۈلاتتى. ئاتالمىش «12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشى» نىڭ مەيدانغا كېلىشىگە مۇئەييەن تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. خەلقىمىزنى ئويغاتتى. قۇمۇلدىن تۇتاشقان بۇ ئىنقىلاب ئوتى خوتەنگىچە، پامىر تاغلىرىدىن ئالتاي تاغلىرىغىچە بولغان كەڭ زېمىندا مىسلىسىز ۋولقاندەك يالقۇنجاپ زۇلمەتلىك شىنجاڭ تۇپرىقىدا مەشئەل بولۇپ ياندى.

بۇ قوزغىلاڭنى خەلقىمىز ۋە دەۋرىمىز قەدىرلەيدۇ. تارىخ ئۆزىنىڭ بىباھا ئالتۇن بەتلىرىدىن ئورۇن بېرىدۇ، ئەلۋەتتە.

ھەر قانداق ئىنقىلابتىن ئىلغار دەۋر بۆلگۈچ ئىنقىلابتۇر، ئۇ، خەلقىمىزنىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيەتكە قارشى كۈرىشىنىڭ باشلىنىشى، خەلقىمىز بۇ ئىنقىلابنى مەڭگۈ قەدىرلەيدۇ. ئىنقىلاب يولىدا قۇربان بولغان شىھىتلەرنى مەڭگۈ ئەسلەيدۇ، خوجىنىياز ھاجىم مەڭگۈ ھايات! دەپ ئۈنلۈك خىتاب قىلدى.

شىڭ شىسەي ۋە ئىستىبدات ھاكىمىيەتكە قارشى توۋلانغان غەزەپلىك شوئارلار ۋە «ئامىن» ساداسى ئۈرۈمچىنى لەرزىگە كەلتۈردى.

خوجىنىياز ھاجىم بىلەن شېرىپخان تۆرىنىڭ يۆتكەلگەن جەسىتى شاھالباغ (ھازىرقى رادىئو ئىستانسىسى يېنى) دىكى شىھىتلىككە قاراپ ئېلىپ مېڭىلدى. 40 يىلدىن بۇيان بۇ جاي خوجىنىياز ھاجىم شىھىتلىكى دېگەن مۇقەددەس نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. زىيارەت ۋە دۇئا - تەكبىردىن ئايرىلىپ قالماي، خەلقىمىز قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ كەلدى.

بىراق ئۇزۇن يىللىق قالايمىقانچىلىق دەۋرىدە خەلقىمىزگە ئوخشاشلا مەرھۇم خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ھەيۋەتلىك گۈمبىزىمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. ھازىر بۇ قەبرىگاھ خارابىلىققا ئايلىنىشقا يۈز تۇتقان بولسىمۇ، خەلقىمىز ئۇنى ياد ئەتمەكتە ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەرەددۇتىدا بولماقتا. بۇ قوغدىلىدىغان ئاسار - ئەتىقە ئەلۋەتتە.

كېيىن مەركىزىي ھۆكۈمەت ئالاھىدە تەكشۈرۈش ئۆمىكى (چېن لىفۇ باشچىلىقىدا) ئەۋەتىپ، خوجىنىياز ھاجىم توغرىسىدا خۇلاسە چىقارغان ۋە خۇلاسىنىڭ ئاخىرقى قىسمىغا: «خوجىنىياز ھاجىنى ئۆلتۈرۈپ يامان قىلغان، لېكىن شۇ ۋاقىتتا ئۆلتۈرمىسىمۇ بولمايتتى...» دېگەن ئىككى بىسلىق جۈملىنى قىستۇرغان. بۇنىڭدىن مەركىزىي جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا خوجىنىياز ھاجىم توغ-رىسىدا ئىككى پەللىدە تەڭ تۇرغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

خوجىنىياز ھاجىنىڭ تەرجىمىھالىغا ئائىت بۇ ماتېرىياللار توغرىسىدا 31 - يىلدىن 37 - يىلغىچە ھا-جىم بىلەن بىللە بولغان تاشقى موڭغۇلىيىدىن كەلگەن قاسىم ئەپەندىدىن ئۇ، 41 - يىلى ئۈرۈمچىدە گېنرال ئىسھاقبېك بىلەن بىللە تۇرغاندا كۆپ قېتىم ئاڭلىغا-نىدىم، 43 - يىلى ئۈرۈمچى شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبەرلىرىدىن سالىغ دورغا، ئىسمايىل داتۇ دېگەنلەرنىڭ باشقىلارغا سۆزلەپ بەرگىنىدىن ئاڭلىغانىدىم. كېيىنكى يىللاردا نەمەت خەلپە، قۇمۇللۇق سىيىت باتۇرنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئەستە ساقلىغان، ئاخىرقى قېتىم قۇربانوۋ ۋە سوپاخۇنلارنىڭ ئەسلىمىسىدىن پايدىلاندىم. بۇلار، خوجىنىياز ھاجىم ھا-ياتىنىڭ ئازلا بىر قىسمى، ئەلۋەتتە. باشقىلارنىڭ يار-دىمىگە مۇھتاجمەن.

ئەسلى 81 - يىلى تۈزىتىلگەن.
85 -، 86 - يىل

مەن ئۇزۇندىن بۇيان قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە ئۇنىڭ رەھبىرى خوجىنىياز ھاجىم توغرىسىدا ئىز-دىنىپ بىرەر خاتىرە قالدۇرۇشنى ئارزۇ قىلغان، جۈم-لىدىن نۇرغۇن تارىخىي ھۆججەتلەرنى كۆزدىن كەچۈر-گەن ۋە تارىخىي شەخسلەرنىڭ سۆھبىتىگە داخىل بو-لۇپ خاتىرە قالدۇرغانىدىم. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ھۆ-كۈم سۈرگەن قالايمىقان يىللاردا ھەممىدىن ئايرىلدىم. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇ-مىي يىغىنىدىن كېيىن ئەسلىمىگە كېلىپ، ئېسىمنى يىغىپ، ئىنقىلاب تارىخى توغرىسىدىكى تەپسىلاتنى باشقا يولداشلارنىڭ يېزىشىغا قالدۇرۇپ، پەقەتلا خوجىنىياز ھاجىنىڭ شەخسىي تەرجىمىھالى ئۈستىدە توختالدىم.

خوجىنىياز ھاجىم ئازادلىق، ھۆرلۈك ئۈچۈن كۈ-رەش قىلغان، ۋەتەن بىرلىكىنى قوغدىغۇچى مىللىي قەھ-رىمان، خەلقىمىز ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ پەخىرلىنىدۇ. بەزى نوپۇزلۇق كىشىلەر ئەسلىمىسىدە «خوجىنىياز ھا-جىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكى مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرى-پىدىن تەستىقلانمىغان» دېگەندەك سۆزلەرنى قىستۇرۇپ ئۆتكەن. لېكىن كۆپلىگەن پاكىت ۋە تارىخىي خاتىرى-لەرگە قارىغاندا، خوجىنىياز ھاجىنىڭ گېنېرال مايور-لۇق ئۇنۋانى بىلەن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ گېنېرال لېيتې-نانتلىق ئۇنۋانى، خوجىنىياز ھاجىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكى مەركىزىي جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەس-تىقلانغان، جۈملىدىن خوجىنىياز ھاجىم ئۆلتۈرۈلگەندىن

كۆرۈنەتتى. خالىس جەسەت يۆتكەشكە كەلگەن نەچچە يۈزلىگەن كىشى بۇ جىنازا ئۈچۈن سۈكۈت بىلدۈرەتتى... جىنازا شىپەنتگاھلىققا ئېلىپ بېرىلىپ خوجىنىياز ھاجىم مەخپىرسى يېنىغا قويۇلدى. بۇ يەردە ئىككى شام گۆر تەييار ئىدى. جىنازا ئۈستىگە قويۇلغان ئىككى سەللە ئىككى لەھەتكە ئېلىپ كىرىپ قويۇلغاندىن كېيىن جەسەت سۆڭەكلىرى ئايرىم - ئايرىم ئىككى لەھەتكە ئېلىپ كىرىلدى. توپا تاشلاپ قىرائەت باشلاش ئالدىدا مەرھۇم سەلەي خەلپىتىم (ئۈرۈمچى سەنىشخاڭزىدا ئۆتكەن پېشقەدەم): «كېرەم شەيخ بۇلارنى كىشلەر بىلىپ قالسۇن...» دېدى. كېرەم شەيخ بۇ ئىككى جەسەتنى تونۇشتۇرۇپ: «بۇ كىشى شىنخەي ئىنقىلابى دەۋرىدە قارا ھۆكۈمەت (چىڭ سۇلالىسىنى دېمەكچى) ۋە شاھ مەخسۇت ۋاڭغا قارشى تۇرغان قۇمۇل دېھقانلىرىغا باش بولغان تۆمۈر خەلپە دېگەن كىشى بولىدۇ. بۇ شۇ چاغدا ئوخشاشلا قارشىلىق كۆرسەتكەن تۇرپان ئاستانە دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ باشچىلىرىدىن بولغان مويىدىن ئاخۇن بولىدۇ. بۇلار 1913 - يىلى 3 - ئايدا كونا ئىستىبدات جاللات ياڭ زېڭشىنىڭ سۇلھ ھىيلىسىگە ئالدىنىپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ باتالىيون كوماندىرى (يىڭجاڭ) بولغان، شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ياڭ زېڭشىنىڭ پىلانىشى بىلەن تۆمۈر خەلپە ئېتىپ، مويىدىن ئاخۇن دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن. ۋەقەدىن كېيىن ئۈرۈمچىدىكى پېشقەدەم جامائەتلەرنىڭ تەلىپى بىلەن

# جەم بولغان جەسەتلەر

1953 - يىلى ئەتىياز. ئۇرۇمچى خۇاڭچېڭ (ھازىرقى ئىتتىپاق يولى، 19 - باشلانغۇچ ۋە 6 -، 14 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئورنى) دىكى ئۇيغۇر زاراتگاھلىقى ئاق باغلىغان مويسىپىتلەر، ياشلار ۋە ئاق لېچەك سالغان ئاياللار بىلەن تولغانىدى.① ئاق باغلاپ سەللە ئورىغان كىرەم شەيخ بۇ يەرگە توپلانغان ئەر - ئاياللارغا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ جەستى كۆمۈلگەن قەبرىلەرنى خاتاسىز كۆرسىتىپ بېرەتتى... ئېچىپ ئېلىنغان جەسەت سۆڭەكلىرى ماتا ۋە خەسلەرگە ئورۇلۇپ جىنازىغا سېلىنىپ قايغۇ - ماتەم بىلەن شامالباغ (رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئارقىسى) دىكى خوجىنىياز ھاجىم جەسىتى قويۇلغان② قەبرىگاھقا قاراپ ئېلىپ مېڭىلاتتى...

قايغۇ ۋە سۈكۈت ئىچىدە كېتىۋاتقان نەچچە ئون جىنازا ئىچىدە يېشىل يوپۇق يېپىلىپ، باش تەرىپىگە ئىككى سەللە قويۇلغان بىر جىنازا كىشىلەرگە ئالاھىدە

---

① 53 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت مەركىزى جايىدىكى قەبرىلەرنى يۆتكەش ئۇقتۇرۇشى ئېلان قىلغان.

② خوجىنىياز ھاجىمنىڭ جەسىتى ئەسلىدە سايىبۇلنىڭ قەبرىدىكى تاغا كۆمۈلگەن. 47 - يىلى 4 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى ۋە خەلقىمىز باشلارنىڭ ئەزدەنىمى بىلەن جەسەت تېپىلىپ، بۇ يەرگە قويۇلغان.

دادامنىڭ تاپشۇرۇشى بىلەن بۇ ئىككى جەسەتنى 40 يىل (دادامدىن باشلاپ 1913 - يىلدىن 1953 - يىلغىچە) ئاسرىدىم. ماۋۇ ئىككى شام گۆرنى خېلى بۇرۇنلا خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ئايىغىدا ياتىمەن دېگەن ئارزۇ بىلەن ئۆزۈمگە ئاتاپ كولاپ قويغانىدىم. ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن بۈگۈن تۆمۈر خەلپىنىڭ جەسىتى ئۇزۇن يىل بىرگە ئىنقىلاب قىلغان خوجىنىياز ھاجىمنىڭ زاراتگاھىلىقىغا ئېلىپ كېلىنىپ، ئىككى جەسەتنىڭ جەم بولغانلىقىغا خۇشال بولۇپ، تېخىمۇ يېقىنراق تۇرسۇن دەپ ئۆز نەپسىمدىن كېچىپ، بۇ لەھەتنى بۇ ئىككى زاتقا ھەدىيە قىلدىم» دەيدۇ. بۇنىڭدىن رازى بولغان جامائەت كېرەم شەيخنىڭ ھىممىتىگە رەھمەت ئوقۇپ دۇئا قىلىدۇ. جامائەتتىن رازى بولغان كېرەم شەيخ شۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىنى شۇ زاراتگاھلىقتا ئۆتكۈزۈپ بۇ قەبرىلەرنى ئۆمۈر بويى مۇھاپىزەت قىلىدىغانغا ۋەدە بېرىدۇ ھەم قەبرىگاھقا ئۆي سېلىپ ئائىلىسى بىلەن كۆچۈپ چىقىپ ئۆمرىنى شۇ يەردە ئاياغلاشتۇرىدۇ.

80 نەچچە ياشلىق سادىق ناۋاي، ئابىخان قارى، كېرەم شەيخنىڭ يولدىشى ھەراخان ۋە قىزى ئايتىللاخانلارنىڭ ئېيتىشىچە، كېرەم شەيخ ئىككى ئادەم بارلا جايدا «ئىككى جەسەت جەم بولدى...» دەپ بولارنىڭ تارىخىي ھاياتىنى ھېكايە قىلىپ سۆزلىگەن.

بۇ ئىككىسىنىڭ جەسىتى ئېلىپ چىقىلىپ داغ - دۇغىلىق
ماتەم بىلەن ئاشۇ زاراتگاھلىققا دەپنە قىلىنغان (مەن
شۇ چاغدا سەككىز ياشتا ئىدىم①). جامائەت بۇ قەب-
رىنى ئاسراشنى دادام قۇربان شەيخ ۋە ئانامنىڭ ئا-
كىسى شاجىمەن شەيخلەرگە تاپشۇرغان، ئۇلار ۋاپات
بولۇش ئالدىدا بۇ قەبرىنى ئاسراشنى ماڭا تاپشۇرغا-
نىدى. بىزنىڭ ئائىلىمىزمۇ ياڭ زىڭشىنغا خەلقىمىزگە
ئوخشاشلا ئۆچمەنلىك ساقلايدۇ. ياڭ زىڭشىن جازا قا-
نۇنىدا قولىنى كېسىش، پۇتىنى كېسىش، دارغا ئېسىش،
ئاتقا سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈش، ئاختا قىلىش (بۇ خىل جا-
زالارنى ئۇنىڭ چاپارمەنى ماخۇشىنىڭ (ماتىتەي) قەش-
قەردە كۆپ قوللانغان) قاتارلىق ياۋۇز ھەرىكەتلەرنى
قوللىنىپ، مىڭلىغان بىگۇناھ ئادەمنىڭ جېنى ۋە تېنى-
گە زامىن بولغان، بىزنىڭ ئائىلىمىزدىنمۇ ئىسمايىل،
مۆمىن دېگەن ئىككى كىشىنى قولىدىن باغلاپ ئېسىپ
قويۇپ، باغلانغان يەرگە سوغۇق سۇ قويۇپ مۇزلىتىپ،
قوللىرىنى ئۈششۈتۈپ ئۈزۈۋەتكەن، ئۇلارنىڭ بىرى ھې-
لىمۇ ھايات. خەلقىمىز ياڭ زىڭشىننىڭ بۇ زۇلۇمىنى
ئۇنتۇلمىغاندەك، ئۇنىڭ ياۋۇزلۇقى بىلەن ئۆلگەن بۇ
ئىككى زات ۋە تاغ - جەزىرىلەردە جەسىتى قالغان شې-
ھىت جەڭچىلەرنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايدۇ. مەن جامائەت ۋە

① كېرىم شەيخ 1905 - يىلى تۇغۇلغان، 1967 - يىلى 2 - ئاي-
نىڭ 10 - كۈنى 62 يېشىدا ۋاپات بولغان.

## 1. ھەقىقەتكە قايتقان قىسىمنىڭ ئەھۋالى

گومىنداڭنىڭ ھەربىي ئىشلار سىستېمىسى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى، دېڭىز ئارمىيىسى، ھاۋا ئارمىيىسى ۋە بىرلەشمە لاۋازىمەت باش قوماندانلىق شتابىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ ئارمىيە تۈرىگە بۆلۈنىدۇ. شىنجاڭدا دېڭىز ئارمىيىسى يوق، پەقەت قۇرۇقلۇق، ھاۋا، لاۋازىمەت ئارمىيىسىلا بولۇپ ھەممىسى شىنجاڭ ھەربىي گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى تاۋسىيۆنىڭ قوماندانلىقىدا ئىدى. كونكرېت تۈزۈلۈشى ۋە ئورۇنلىشىشى تۆۋەندىكىچە:

قۇرۇقلۇق ئارمىيىدە ئۆزگەرتىپ تەشكىللىگەن شى (ئارمىيىگە باراۋەر) دىن ئۈچى، ئۆزگەرتىپ تەشكىللىگەن لۈي (شىغا باراۋەر)دىن 10 نى، پىيادە ئەسكەرلەر تۈەندىن 16 سى، چېگرا چازىسى چوڭ ئەترىتىدىن تۆتى، ئوفىتسىر يېتىشتۈرۈش كۇرسىدىن بىرسى ۋە ژاندارما، گارنىزوننىڭ ئىككى باتالىيونى بولۇپ جەمئىي 80 مىڭدىن ئارتۇق كوماندىر ـ جەڭچى بار ئىدى.

جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار مۇنداق ئورۇنلاشقان. ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن 42 ـ شى قەشقەردە تۇراتتى، ھەربىي گارنىزوننىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى جاۋ شىگۇاڭ 42 ـ شىنىڭ سىجاڭلىقىنى قوشۇمچە ئۈتەيتتى. «جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شتابى» تەسىس قىلىنغان بولۇپ، جەنۇبىي

# شىنجاڭ «25 - سېنتەبىر» قوزغىلىڭىدىكى بىر قانچە ھالقىلىق مەسىلە

پەن رۇڭلى

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، سابىق گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قۇرۇقلۇق ئارمىيە، ھاۋا ئارمىيىسى، بىرلەشمە لاۋازىمەتتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئارمىيە تۈربىدىن 100 مىڭدىن ئارتۇق كوماندىر - جەڭچى شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ قوماندانى، گېنرال تاۋ-سىيۆنىڭ باشچىلىقىدا تېلېگراممىا يوللاپ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىپ خەلققە يۈزلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. مەن شۇ قېتىم ھەقىقەتكە قايتىشقا قاتناشقۇچى-لاردىن بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئەگەر 40 يىل ئىلگىرى جاھالەتتىن قول ئۈزۈپ پارلاق يولغا ماڭمىغان بولسام ئاخىرقى ئۆمرۈمدە بۈگۈنكىدەك بەختلىك تۇرمۇشقا ئې-رىشەلمەيدىغانلىقىمنى چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمەن. گەر-چە 40 يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ئۆتكەن ئىشلار ھازىرقىدەك ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئۇرۇمچى تارىخ ماتېرى-ياللىرى ئۈچۈن، شىنجاڭ «25 - سېنتەبىر» قوزغىلىڭى-دىكى بىر قانچە ھالقىلىق مەسىلىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

«25 - سىنتەبىر» يۇقىرىقى 14 نەپەر قوماندان بىرلىكتە ئىمزا قويۇپ ئومۇمىي تېلېگراممىا يوللاپ ھەققەتكە قايتقانلىقىنى ئېلان قىلدى.

يۇي پەڭشاڭنىڭ ھاۋا ئارمىيە 259 - تەمىنات ئوتتۇرا ئەترىتى دىخۇادا تۇراتتى. قۇمۇل، گۇچۇڭ، قاراشەھەر، كۇچار، قەشقەر، كورلا قاتارلىق جايلاردا تەمىنات پونكىتلىرى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ھاۋا ۋە قورۇقلۇقتا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان خىزمەتچى، كوماندىر جەڭچىدىن جەمئىي 300 دىن ئارتۇقراق، ئىككى ئايروپلانى بار ئىدى. ئۇلار ئاساسەن كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان ئايروپلانلارنىڭ ئۇچۇش - قونۇشىنى تەكشۈرۈش، رېمونت قىلىش ۋە تۇرمۇش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق ئارقا سەپ ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەشنى ئۈستىگە ئالغانىدى.

شىنجاڭ تەمىنات ئىدارىسى — شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق لاۋازىمەت سىستېمىسىنىڭ ئەڭ ئالىي قوماندانلىق ئورگىنى بولۇپ، دىخۇادا تۇراتتى، خاۋجياجۈن ئىدارە باشلىقى ئىدى. ئۇنىڭ قارمىقىدىكى ئورگان قىسىملىرىدىن دىخۇا، قۇمۇل، قەشقەردە ئۈچ تەمىنات شۆبە ئىدارىسى، چىتەي، قاراشەھەر، قۇتۇبى، ئاقسۇدا تۆت تەمىنات باش پونكىتى، 20 نەچچە تولۇقلاپ بېرىش پونكىتى، تۆت ھەربىي ترانسپورت ئىش بېجىرىش باشقارمىسى، ئىككى ئورۇندا سىمسىز رادىئو ئىستانسىسى، ئىككى ئارقا سەپ دوختۇرخانىسى ۋە ئۈچ ھەربىي بې-

شىنجاڭنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. ئۇنىڭغا قاراشلىق 65 - لۇي كۇچاردا بولۇپ لۇيجاڭى لى زۇڭ- تاڭ ئىدى. لۇيجاڭ چېن جۇننىڭ 128 - لۇيى قارا- شەھەردە تۇراتتى. ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن 231 - لۇي ئەسلىدە تۇرپاندا تۇراتتى، ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ ئالدى- دا گەنسۇغا ئەسكەر ئۆتكۈزۈۋېلىشقا بېرىپ شۇ جايدا ھەقىقەتكە قايتتى، لۇيجاڭى تيەن زىمېي؛ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن ئاتلىق 4 - لۇي يەركەندە، لۇيجاڭى ياڭ تىڭيىڭ؛ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن ئاتلىق 9 - لۇي قەشقەر يېڭىشەھەردە، لۇيجاڭى ماپىڭلىن ئىدى.

شىمالىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار مۇنداق ئورۇنلاشقان: ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن 78 - شى جىخۇا (ھازىرقى قۇتۇبى) دا، شىجاڭى مۇۋۇرۇ؛ بۇ شىغا قاراشلىق ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن 178 - لۇي قۇمۇل- دا، لۇيجاڭى ليۇلۇنيۈەن؛ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن 179 - لۇي دىخۇا (ئۈرۈمچى) دە، لۇيجاڭى لۇرۇجېڭ؛ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن 227 - لۇي ماناستا، لۇيجاڭى جۇمىڭگاڭ ئىدى.

ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن ئاتلىق 1 - شى دىخۇادا تۇراتتى، شىجاڭى خەن يۇۋېن، ئۇنىڭ قارمىقىدىكى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن 6 - ئاتلىق لۇي تۇدۇڭخابادا، لۇيجاڭى خەن رۇڭفۇ؛ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن 7 - ئاتلىق لۇي چىتەيدە، لۇيجاڭى گوچۈەنلياڭ ئىدى.

تەرەپتىن ھەربىي قىسىملىرىنى يۆتكەپ ئۇرۇشقا ئورۇنلاش-
تۇردى. شۇ ۋەجىدىن لىزوگرىن فىيۇرالدا تاۋسىيۆگە تېلېگرامما
ئەۋەتىپ، بىر لۇي ئەسكىرى كۈچىنى شىنجاڭنىڭ مۇدا-
پىيە ئىشلىرى ئۈچۈن قالدۇرۇپ، قالغان قىسىملىرىنىڭ
ھەممىسىنى ئىچكىرىگە يۆتكەپ ئىچكى ئۇرۇشقا قاتناش-
تۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى. مانا مۇشۇ ۋاقىتتا
مابۇفاڭ ئۆزىنىڭ كونا ئۇۋىسىنى قوغداش ئۈچۈن
ئۆزگەرتىپ تەشكىللىگەن ئاتلىق 1 - شىنى چىڭخەيگە
يۆتكىدى. تاۋسىيۆ يىراقنى كۆرەر، چوڭقۇر پىكىرلىك،
قابىلىيەتلىك جاڭجۇن ئىدى. ئۇ، بۇيرۇققا قارىغۇلارچە
بويسۇنۇپ، قىسىمنى شەرققە يۆتكەپ ئىچكى ئۇرۇشقا قات-
ناشتۇرۇش — ۋەتەن ۋە خەلققە بالايى - ئاپەت ئېلىپ
كېلىدىغان ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا بۇيرۇققا
بويسۇنماي ئەسكەر يۆتكەشنى رەت قىلسا ئېغىر ئاقىۋەت
كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ قايتا - قايتا
ئويلىنىپ «سوزۇش» چارىسىنى تېپىپ چىقىپ، قىسىملار-
نى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى بانا قىلىپ فىيۇرالدا شى-
جاڭ، لۈيجاڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىكلەر قاتناشقان ھەر-
بىي ئىشلار يىغىنىنى چاقىردى. يىغىن چاقىرىشتىن ئىل-
گىرى تاۋسىيۆ ئۆزىنىڭ ئىچكىرىگە قىسىم يۆتكەشنى خا-
لىمايدىغانلىقىنى يېقىنى لاۋازىمەت ئىدارىسىنىڭ
باشلىقى خاۋجاجۇنگە ئاشكارىلاپ، مەخپىي مەسلىھەتلەش-
ۋالدى. يىغىندا، لاۋازىمەت ئىدارىسى ترانسپورت گورۇپ-
پىسىنىڭ باشلىقى ۋۇزەنرۇڭ ئاپتوموبىل ئاز، ترانسپورت

كەت دوختۇرخانىسى بار ئىدى. تەمىنات ئىدارىسىگە قاراشلىق ئورۇنلاردىن يەنە كىيىم - كېچەك فابرىكىسى سەھىيە خادىملىرى تەربىيىلەش گۇرۇپپىسى، مالىيە كىرىم - چىقىم ئىشلىرىنى بېجىرىش باشقارمىسى، ئاپتوموبىل 4 - تۇەنى، 20 - تۇەنى، 3 - تۇەن 2 - يىگى، 7 - ئالاقە تۇەنى 2 - يىگى، ئاتچىلار 3 - تۇەنسى، ئۈچ نازارەت يىگى، ئۇچ ئات - ئۇلاغ ترانسپورت چوڭ ئەترىتى قاتارلىق 50 تىن ئارتۇق ئورۇن، تەخمىنەن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بار ئىدى. تەمىنات ئىدارىسى ئاساسەن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى قورال - ياراق، ئوق - دورا، ئەسۋاب - ئۈسكۈنە، ترانسپورت، ئاشلىق، يەم - خەشەك، ماي ماتېرىياللىرى، خىراجەت، ئالاقە، سەھىيە، ھەربىي گازارمىلارنى ياساش، رېمونت قىلىش شۇنىڭدەك تولۇقلاپ بېرىش، ھامىيلىق قىلىش قاتارلىق ئارقا سەپ خىزمەتلىرىنى ئۈستىگە ئالغانىدى.

## 2. ھالقىلىق فېۋرال يىغىنى

1949 - يىل يانۋاردا، مۇھاسىرە ئىچىدە قالغان جياڭ جېشى «ئىستىپا» بەرگەنلىكىنى جاكالىدى. لى زۇڭرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ رايىغا بېقىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن سۆھبەتلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى جاكالىسا، يەنە بىر

ـغا كۆز تىكىدۇ. تاۋشىيۈ ئېغىر سىناقتا دۇچ كېلىدۇ.
ئۇنىڭ خېلى بۇرۇنلا ھەقىقەتكە قايتىش ئويى بولغان
بولسىمۇ، لېكىن ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت ئىنتايىن مۇرەككەپ
ئىدى. چۈنكى ئۇ، جياڭجېشى ياكى خوزۇڭنەننىڭ ئۇرۇق
پۇشتى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى قايتا تەش-
كىللەنگەن 12 - ، 78 - شى گومىنداڭ مەركىزىگە بىۋا-
سىتە قاراشلىق قوشۇن بولۇپ، خوزۇڭنەننىڭ كونترول-
قىدا ئىدى. قايتىدىن تەشكىللەنگەن ئاتلىق 1 - شى
چىڭخەينىڭ يەرلىك ئارمىيەسى بولۇپ مابۇفاڭنىڭ سى-
زىقىدىن چىقمايتتى، تاۋشىيۈنىڭ بولسا ماڭبۇفاڭ بىلەن
قىلىچە يېقىنچىلىقى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ ئەمەلىي بار
ھوقۇقى يوق قۇرۇق سۆلەت قوماندان ئىدى. مانا مۇ-
شۇنداق مۇھىم ھالقىلىق پەيتتە تاۋشىيۈ ھۇدۇقمىدى، ئا-
دەتتىكىدەك سالماق يۇرۇۋەردى. ئۇ ئومۇمىي ۋەزىيەتنى
مۆلچەرلەپ يالغۇز ئۆزىنىڭ بۇ تارىخىي ۋەزىپىنىڭ
ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم
جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىسىملارغا قوماندانلىق قىلىۋات-
قان مۇئاۋىن باش قوماندان، قوشۇمچە دىۋىزىيە كوماند-
دىرى جاۋشىڭگۇاڭنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش لازىملىقىنى
چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. چۈنكى جاۋشىڭگۇاڭ خۇاڭپۇ ھەر-
بىي مەكتىپىدىن بولماي بەلكى يۈننەندىكى ھەربىي
مەكتەپتىن بولغانلىقى ئۈچۈن تاۋشىيۈ بىلەن ئىككىسىنىڭ
تەقدىرى ۋە ئەھۋالى ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستى-
گە جاۋشىڭگۇاڭ كىشىلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىدىغان،

كۆچىمىز يېتىشمەيدۇ، تەمىنات راسخوتىمىزنىڭ كېلىش
مەنبەسى يوق دېگەنگە ئوخشاش قاتمۇ قات قىيىنچى-
لىقلارنى مىسالغا ئېلىپ مۇزاكىرە قىلىپ بېقىشنى ئوت-
تۇرىغا قويدى. يىغىندا پىكىر ئىختىلاپى بولغانلىقتىن
ئاخىرىدا، تاۋسېيۇ كونكرېت ئورۇنلاشتۇرسۇن دېگەن قارار
ماقۇللاندى. شۇنىڭ بىلەن تاۋسېيۇ لىزوگرىنغا تېلېگرام-
ما يوللاپ، شەرققە قىسىم يۆتكەشتىكى قىيىنچىلىق سە-
ۋەبلىرىنى بىرمۇ بىر بايان قىلىدۇ ھەمدە قىسىمنىڭ
تەمىناتى ۋە يولغا چىقىش راسخوتى خام چوتىنى شەخ-
سەن ئۆزى تۈزۈپ چىقىپ، بۇنىڭ ئۈچۈن 8 مىليون
يۈەن كۈمۈش تەستىقلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ بۇنى
لىزوگرىنغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى گەنسۇنىڭ رەئىسى گو-
چىجاۋغا ھاۋالە قىلىدۇ. تاۋسېيۇ لىزوگرىن ئۆزىنىڭ بۇ-
تەكلىپىنى تەستىقلىمايدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتكەچكە بۇ-
نىڭ بىلەن ۋاقىتنى سوزۇپ كېيىنكى ھەقىقەتكە قايتىش
ئىشى ئۈچۈن ۋاقىت ۋە تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەل-
تۈرمەكچى ئىدى.

### 3. تاۋسېيۇ، جاۋشىگۇاڭنىڭ قارا شەھەردىكى ھەل قىلغۇچ تەدبىرى

ئازادلىق ئارمىيە غەربىي شىمال ئۇرۇش مەيدا-
نىدا ئارقا-ئارقىدىن غەلىبە قىلىپ شىئەننى ئازاد
قىلغاندىن كېيىن، غەربكە يۈرۈش قىلىپ ئۇدۇل لەنجۇ-

جىتى ھەقىقەتكە قايتىشىنىڭ ھەل قىلغۇچ تەدبىرى بولۇپ قالىدۇ.

### 4. ھەقىقەتكە قايتىش بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش

گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق سۆھبىتى ئاپرېلدىلا بۇزۇلۇپ چۇڭچىڭ دىخۇاغا قايتىپ كەلگەندە، دىخۇادا، چۇڭچىڭ جاڭجىجۇڭنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن «قىسمەن دائىرىدە تىنچلىق سۆھبىتى» ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن شىنجاڭغا قايتىپ كەپتۇ دېگەن گەپلەر تارقالغانىدى. ئۇرۇش مەيدانلىرىدا گومىنداڭ قىسىملىرى ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، شىمەن ئازاد بولغان، لەنجۇ خەۋپ ئاستىدا قالغان ئەھۋالدا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى ئىچىدىكى ئۇرۇشپەرەسلەر بىلەن تىنچلىق تەرەپدارلىرى ئىنىككى تەرەپ بولۇپ ئېنىق ئايرىلدى. يېڭ چېڭ، ماچىڭشياڭ، لوشۇردىن باشچىلىقىدىكى ئۇرۇشپەرەسلەر ئۆز قىسىملىرىنى ئىچكىرىگە يۆتكەپ كېتىش مۇمكىن بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا پاتال ئەكسىلئىنقىلابىي پىلان تۈزۈپ، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ قارشىلىشىش نىيىتىدە شىمالىي شىنجاڭدىن ۋاز كېچىپ، تېمىنگۇەننى ساقلاپ قېلىپ ئازادلىق ئارمىيە بىلەن ئاخىرغىچە قانلىق ئېلىشىش ھەققىدە جار سېلىشتى. تاۋشىيۈنىڭ

چاكىنا ئادەتلەرگە بىرلىمەيدىغان ئادەم ئىدى. تاۋسىيۋ
بىلەن قويۇق ئاغىنىدارچىلىقى بار ئىدى. شۇ ۋەجىدىن
تاۋسىيۋ 15 - ئاۋغۇست ئەتراپىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى
قىسىملارنىڭ ئارقا سەپ خىزمىتىنى تەكشۈرۈشنى باھانا
قىلىپ تەمىنات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خاۋجاجۇن، باش
شتاب سىياسىي خىزمەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لياڭ
كېشۈنىنى ئېلىپ يولغا چىقىدۇ ھەمدە جاۋشىگۇاڭ بىلەن
قارا شەھەردە ئۇچرىشىش ھەققىدە كېلىشىۋالىدۇ. ئىككە-
سى نەچچە سائەت مەخپىي سۆھبەتلىشىدۇ، جاۋشىگۇاڭ
تاۋنىڭ ھەقىقەتكە قايتىش تەشەببۇسى ۋە كونكرېت ئو-
رۇنلاشتۇرۇشىغا پۈتۈنلەي قوشۇلىدۇ ھەمدە جەنۇبىي
شىنجاڭغا جاۋشىگۇاڭ، شىمالىي شىنجاڭغا تاۋسىيۋ مەس-
ئۇل بولۇش، بىردەك ھەرىكەتلىنىشكە كېلىشىدۇ. ئىككى-
سى يەنە ھەقىقەتكە قايتىش مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن-
دىن كېيىن، قىسىمنىڭ ھەممىسىنى خەلق ئازادلىق
ئارمىيىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئۆزلىرى ھەربىي سەپتىن
چېكىنىپ يۇرتىغا قايتىشنى؛ ئوقۇشماسلىق تۈپەيلىدىن
توقۇنۇش يۈز بېرىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆز قىسىم-
لىرىنى مىللىي ئارمىيىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئۆزگەرت-
مەسلىكنى تەلەپ قىلىشنى قارار قىلدى. تاۋسىيۋ جاۋ-
شىگۇاڭنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىشىغا ئېرىشكەندىن
كېيىن، دەرھال دىخۇاغا قايتىپ كېلىپ ھەقىقەتكە قاي-
تىش ئىشلىرىنى پىلانلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن تاۋسىيۋ بىلەن
جاۋشىگۇاڭنىڭ قارا شەھەردە ئۆتكۈزگەن مەخپىي سۆھ-

كېيىن قاتارلىقلارمۇ يېپچىڭ، ماچېڭشياڭ، لوشۇرېنلار بىلەن بولغان شەخسىي مۇناسىۋەت ۋە باردى-كەلدىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارغا قىسىمنىڭ ئىستىقبالى، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى مۇھىم بىلىپ ھەرگىزمۇ يەڭگىللىك بىلەن ئىش قىلماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلدى. 15-سېنتەبر يولداش دېڭ لىجۇن ماۋجۇشىي، جۇزۇگلىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ھېرىپ-چارچىغىنىغا قارىماي سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق دىخۇاغا كەلدى. ئۇ، پارتىيىنىڭ غەمخورلىقى ۋە ھەل قىلغۇچ تەدبىرلىرى بىلەن بىرگە كېنرال جاڭجېڭجۇڭنىڭ يوليورۇقىنىمۇ ئېلىپ كېلىپ تاۋسىيۈگە زور ئىلھام ۋە مەدەت بەردى. شۇندىن ئېتىبارەن بېيجىڭ بىلەن بولغان ئالاقە يولى ئېچىلىپ، قوزغىلاڭ ئىشلىرىدا ئالاقىلىشىدىغان ئورۇن بولغانلىقتىن ئىشەنچىسى ھەسسىلەپ ئېشىپ باتۇرلارچە ئالغا ئىلگىرىلىدى. «ياخشى ئىشقا كاشىلا كۆپ» دېگەندەك ئويلىمىغان يەردىن ۋەزىيەت تۇساتتىن يامانلاشتى. 20-سېنتەبر كېچىسى تاۋسىيۈ ئۇخلاۋاتقاندا يېپچېڭ تويۇقسىز ئىشىك قېقىپ تاۋنى ئويغىتىپ ئۇنىڭغا: «لوشۇرېن، ماچېڭشياڭلار سىزنى يېقىندىن بۇيان پوزىتسىيىسى ئۆزگىرىپ قالدى، چوقۇم باشقىلارنىڭ قورشاۋىدا قېلىپ ئۆزگە ئۆزى ئىگە بولالماي قالدى دەپ قارىماقتا» دەيدۇ. ئۇ يەنە: «ئۇلار لىيۇمىڭچۇن، تاۋپۇچۇ ۋە چۆيۋۇ ئۇچىسىنى قولغا ئالماقچى، مەن سىزنى بۇ ئىشتىن چوقۇم خەۋەردار قىلىش كېرەك دەپ چىڭ تۇردۇم. ئۇلار مېنىڭ پىكرىم-

خېلى بۇرۇنلا ھەقىقەتكە قايتىش نىيىتى بولسىمۇ ئومۇ-
مىي ۋەزىيەتنى كونترول قىلىش قىيىن بولغاچقا پوزىت-
سىيە بىلدۈرمىگەنىدى. جاۋشىگۇاڭنىڭ قولغا ئېلىنىشى ۋە 
ئېرىشكەندىن كېيىنلا ئۇنىڭ پوزىتسىيىسى تەدرى-
جىي روشەنلەشتى. يې، ما، لوغا شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە
ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. كېچە - كۈندۈز
چۈشەندۈرۈپ بىر ھەپتىگىچە ئۇلارغا ئىچكى ئۇرۇش قى-
لىش نىيىتىدىن ۋاز كېچىش، خەتەرلىك يولغا مېڭىپ
مەڭگۈلۈك جىنايەتچى بولۇپ قالماسلىق ھەققىدە نەسى-
ھەت قىلدى. ئاخىرىدا تاۋسىيۈ ئۇلارغا: «مەن ئۆزۈمنىڭ
ھايات - ماماتىم، نام - شۆھرىتىمنى ئاللىقاچان بىر ياق-
قا قايرىپ قويغان، شىنجاڭدىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن» -
دەپ ئۆز پوزىتسىيىسىنى ئاشكارا ئېيتتى ھەمدە: «ھەر
كىمنىڭ ئۆز ئىدارىسى بولىدۇ. سىلەرنى مەجبۇرلىمايـ
مەن، قالىمىز دېگۈچىلەر بولسا تېخى ياخشى، كېتىمەن
دېگەنلەرگە قولايلىق يارىتىپ بېرىپ مۇھاپىزەت قىلىپ
چېگرىدىن چىقىرىپ قويىمەن، نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشىڭلار-
نى ئۆزۈڭلەر بەلگىلەڭلەر» - دېدى.
تاۋسىيۈ ئۇلارغا رەسمىي خىزمەت ئىشلىگەندىن
سىرت، يەنە ئەمەلدار مەھكىمىسى قوشۇمچە شىنجاڭ
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى لۇمىڭچۈن، دىخۇا
شەھىرىنىڭ باشلىقى چۈي ۋۋ، تاشقى ئىشلار ئالاھىدە خا-
دىمى ليۇزېرۇڭ، باش شتاب باشلىقى تاۋپۇچۇ، باش
شتاب سىياسىي خىزمەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لياڭ-

ئۆتكەنـە قوزغىلاڭ تەرەپدارى بولغان 128 - لۈيىنىڭ
لۈيجاڭى جۇڭ زۈيمىنمۇ توساتتىن ئۆزگىرىپ ۋەزىپىسىدىن
ۋاز كېچىپ ئۇلار بىلەن بىللە قاچتى.

بۇ ئىشتىن كېيىن بەزىلەر تاۋسىيۆنى ئەكسىيەتچى-
لەرنىڭ قېچىشىغا يول قويماسلىقى كېرەك ئىدى. بۇ،
يولۋاسنى تاغقا قويۇۋەتكەنلىك دېگەندەك سۆزلەر بىلەن
ئەيىپلىدى. بۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى قوزغىلاڭنىڭ ئومومىي
ۋەزىيىتى ۋە تاۋسىيۆنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيدىغانلارنىڭ
قىلغان سۆزلىرى. تاۋ سىيۆنىڭ قۇرۇق سۆلەت قۇماندان
ئىكەنلىكى، ئەسكىرى ھوقۇقىنىڭ ھەممىسى ما، يې، لو-
لارنىڭ قولىدا ئىكەنلىكى يۇقىرىدا بايان قىلىنغانى-
دى. ئۇلار ئۇرۇشىمىز دېسىلا شىنجاڭدا شۇئان چوڭ
قالايمىقانچىلىق پەيدا بولاتتى. ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى
تاشلاپ ئۆز جېنىنى ئېلىپ كېتىشى تىنچ يول بىلەن
ھەققەتكە قايتىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭدىكى تۆت
مىليون خەلقنى بالايى-ئاپەتتىن ساقلاپ قالدى. شۇڭا
تاۋسىيۆنىڭ تەدبىرى توغرا بولدى. يې، ما، لولار كەت-
كەن كۈنى چۈشتىن كېيىن تاۋسىيۆ باش بولۇپ قوزغى-
لاڭ قىلغانلىقى ھەققىدە ئومۇمىي تېلېگرامما يوللىدى.
26-سېنتەبىر بۇرھان شەھىدى باشچىلىقىدا ئۆل-
كىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئومۇمىي تېلېگرامما يوللاپ،
گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىدىن قول ئۈزۈپ ئىنقى-
لابىي لاگىرغا تەسلىم بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى. شۇن-
دىن ئېتىبارەن شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازادبولدى.

گه قوشۇلغان بولسىمۇ يېرىم سائەتكىچە كونا مانجۇ قەل-
ئەسىگە بېرىپ جاۋاب قايتۇرۇشۇمنى شەرت قىلىپ قوي-
دى» دەيدۇ. تاۋسىيۇ يې چېگىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن ئۆزىنى ئىنتايىن سالماق تۇتىدۇ؛ ھەمدە لو، ماغا
تېلېفون بېرىپ ئۇلارنى ئۆز ئۆيىگە چاقىرتىپ كېلىدۇ-
دە، ئۇلارغا تەنبىھ بېرىپ: «مۇنداق ھالقىلىق پەيتتە
ھېچىمىز بەك قىزىپ كەتمەسلىكى كېرەك، پايدا-زىيان
مۇناسىۋىتىنى سوغۇق قانلىق بىلەن دەڭسەپ كۆرۈشى-
مىز، ھەرگىزمۇ مەڭگۈلۈك جىنايەتچى بولۇپ قالماسلى-
قىمىز لازىم» دەيدۇ. ئىككىنچى كۈنى تاۋسىيۇ يې، ما، لو-
لارنىڭ كونا مانجۇ قەلئەسىدىكى دۆڭزىيە قوماندانلىق شتابىدا
يىغىن ئېچىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ تەنھا ئۆزى يىغىن
مەيدانىغا بۆسۈپ كىرىپ، ئۇلارغا نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى
زېرىكمەي-تېرىكمەي يەنىمۇ ئېنىق چۈشەندۈردى. ما، لو-
لارغە لىبىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىشىپ قىسى-
مىنى تاپشۇرۇپ ئائىلىسىنى ئېلىپ كېتىشنى خالايدىغان-
لىقىنى بىلدۈرۈشىدۇ. ما، لو، يې قاتارلىقلار 25-سېنتەبىر
ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ دىخۇادىن ئايرىلدى. 1-دىۋىزى-
يىنىڭ شتاب باشلىقى جاڭ ۋۇمېي، سىياسىي خىزمەت
باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ماسىبو، باش شتاب 2-باشقار-
مىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قوشۇمچە مەخپىيەتلىكنى ساق-
لاش پوتكىتىنىڭ باشلىقى، راۋ تېشەن ۋە دىخۇا ساقچى
ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئىشپىيونلار كاتتىبېشى ليۇخەندۈڭ-
لارمۇ ئۇلار بىلەن بىللە كەتتى، ئۇلار قارا شەھەردىن

ئىنقىلابىدىن كېيىن، چارروسىيە شىنجاڭنىڭ ئۆزىنىڭ تاۋارلىرىنى كۆپلەپ سېتىپ خامئەشيا ئالىدىغان مۇھىم بازىرىغا ئايلاندۇرغان. بولۇپمۇ، 19 - ئەسىردە چارروسىيە ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنى قوشۇۋالغاندىن باشلاپ، شىنجاڭغا تېخىمۇ كۆز تىككىشكە كىرىشتى. ئۇلار ئىككى ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتى ئەۋەتىپ، شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە خالىغانچە ھەرىكەت ئېلىپ باردى. بۇ ئەترەتلەرنىڭ بىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا «سودىگەرچىلىك» قىلىپ، ئوچۇق ئاشكارا تالان - تاراج قىلدى؛ يەنە بىرى شىمالىي شىنجاڭدا جۇڭغار قەبىلىلىرىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرىنى ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىپ، چارروسىيە قوينىغا كىرىشكە قۇترىتقۇلۇق قىلدى. 1755 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 20 - يىلى) چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى ئەسكەر چىقىرىپ جۇڭغارىيە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قوراللىق توپىلىڭىنى بېسىقتۇرغاندىن كېيىن، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى روسىيە سودىگەرلىرىنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقاردى. لېكىن ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ۋەزىيەتنىڭ تىنچلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلار قايتىدىن كىرىشكە باشلىدى. ئۇلار دەسلىپىدە جۇڭگو سودىگەرلىرىنى ئۆزلىرىگە ۋەكالەتەن چاي، رەۋەن قاتارلىقلارنى سېتىپ بېرىشكە قىزىقتۇرۇپ، ئارقىدىن كونا نەيرەڭنى ئىشقا سېلىپ، ئاشكارا تالان - تاراج قىلىشقا ئۆتتى. تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشقان يېرى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرى باج يىغقۇچىلارنى قويۇپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە باج

# چەت ئەل سودا فىرمىلىرى ۋە ئۈرۈمچىدىكى «سودا چەمبىرىكى»

### زېن يۈيلېن

چەت ئەل سودا فىرمىلىرى تىلغا ئېلىنغان ھامان كىشىنىڭ ئېسىگە «تارىخىي خاتىرىلەر. شىياڭ يۈينىڭ تەرجىمىھالى» دىكى «قولۇم باغلاقتا، بوينۇم قىلىچتا» دېگەن سۆز كېلىدۇ. شۇنداق، چەت ئەل سودا فىرمىلىرى جۇڭگو خەلقىنىڭ تېرىسىنى شىلىدىغان قىلىچ ئىدى.

نامىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇكى چەت ئەل سودا فىرمىلىرى — چەت ئەللىكلەر ئېلىمىز زېمىنىدا قۇرغان سودا فىرمىلىرى. «چەت ئەل مېلى قولدىن-قولغا ئۆتسە ھەسسىلەپ پايدا قونىدۇ» دېگەندەك، چەت ئەل مېلى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسىلا نەچچە باراۋەر پايدا ئالىدۇ. يەنە كېلىپ ئۇنداقلار ئاز دەسمايە بىلەن ئەمەس، نۇرغۇن دەسمايە بىلەن تىجارەت قىلغاچقا، پايدىسى تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ.

شىنجاڭ چېگرىغا جايلاشقان، ئىقتىسادىي ئارقىدا قالغان جاي بولغاچقا، 18 - ئەسىردىكى ياۋروپا سانائەت

لىقى توغرىسىدا كۆپ قېتىم بۇيرۇق چۈشۈرگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چياچىڭ خان دەۋرىدە 1814-، 1820- يىللىرى چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ باج تاپشۇرۇشتىن باش تارتىش مەسىلىسى توغرۇلۇق يەرلىك ئەمەلدارلارغا تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن. 1829 - يىل 3 - ئايدا، ئىلى جاڭجۈنى دېيىڭئا، مەسلىھەتچى ئامبال رۇڭ ئەنتەي چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتىدىن باج تاپشۇرۇشقا قارشىلىق قىلغان ئەنجان سودىگەرلىرىنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىشنى ئىلتىماس قىلغان. شۇنىڭدەك «سودىنى تەكشۈرۈش نىزامنامىسى» تۈزۈپ، ھەر قايسى جايلارغا ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشنى بۇيرۇغان. 1851- يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنفېڭ 1 - يىلى)، چارروسىيە ھۆكۈمىتى ھەربىي ئەمەلدار كوبلۇسنى شىنجاڭنىڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى بىلەن روسىيە سودىگەرلىرىگە باجنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدا سۆزلىشىشكە ئەۋەتكەن. ئۇ يولسىزلارچە «قورال كۈچى بىلەن سودىگەرلىرىمىزنى قوغدايمىز» دەپ تەھدىت سېلىپ، ئىلى جاڭجۈنىنى «ئىلى، تارباغاتاي سودا يولىنى ئېچىش شەرتنامىسى» ئىمزالاشقا مەجبۇرلىغان. بۇنداق بولغاندا روسىيە سودىگەرلىرى ئىلى، تارباغاتايدا خالىغانچە سودىگەرلىك قىلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، يەنە يەرلەرنى ئىگىلەپ، ئۆي - جاي سېلىشقا، سودا فېرمىلىرى قۇرۇشقا بولىدۇ. 1860 - يىلى ئۇلار يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى بىلەن قەشقەرنى

تاپشۇرۇشتىن باش تارتتى. چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ قانۇنسىز ھەرىكەتلىرىنى چەك-لەش مەقسىتىدە 1762 - يىلىدىن باشلاپ، روسىيە سودى-گەرلىرى تىجارەت قىلغان تاۋارلاردىن جۇڭگو ھۆكۈمى-تىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە مەجبۇرىي باج ئېلىشنى يولغا قويىدى. بىراق چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن ئەمەلدارلىرىنىڭ كۆپىنچىسى چىرىكلىكتە ئۇ-چىغا چىققان نىمىلەر بولغاچقا، يەرلىك خەلققە يولۋاس-تەك خىرىس قىلسا، چەت ئەللىكلەرگە يۇكۈلۈپ توققۇز تازىم قىلاتتى. بولۇپمۇ «چەت ئەل مېلى» غا ھېرىس بەزى ئەمەلدارلار پارا يەپ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، چەت ئەللىكلەرنى قانات ئاستىغا ئالاتتى. 1765 - يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ چەنلۇڭ 30 - يىلى، ئۇچتۇرپان خەلقى قاتمۇ قات زۇلۇمغا چىدىماي، زوراۋانلىققا قارشى قوز-غىلاڭ كۆتۈردى. پادىشا چيەنلۇڭ يەرلىك ئەمەلدارلار-نىڭ يوللىغان دوكلاتىغا «ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشى ئاساسسىز بولمىسا كېرەك، شۇ جايدىكى ئەمە-لدارلارنىڭ پۇقراغا قاتتىق زۇلۇم سېلىشىدىن توپىلاڭ چىققان» («شەرقىي جۇڭگو خاتىرىسى. چيەنلۇڭ 6 - توم») دەپ تەستىق يازغان. بۇ، بىر قەدەر ئادىل ۋە ئوبيېك-تىپ ھۆكۈم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى يەرلىك ئەمەلدارلار چەت ئەل سودىگەرلىرىدىن پارا قوبۇل قىلسا، ئەتكەسچىلىك ھەرى-كەتلىرىنى قانات ئاستىغا ئالسا قاتتىق جازالىنىدىغان-

ـېتىلىپ ئۇلار نەپ ئېلىۋاتىدۇ، بىز بوزەك بولۇۋاتىـ
مىز، مەھكىمە قۇرۇپ، يۇڭ، تېرە شىركىتى تەسىس
قىلىپ، پايدا - ھوقۇق قايتۇرۇۋېلىنسا» («چىڭ دېزۇڭنىڭ
ھەقىقىي خاتىرىسى» 545 - جىلت) دەپ ئىلتىماس يازغان.
1907 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، يېڭىدىن ئىلى جاڭ-
جۈنلىكىگە تەيىنلەنگەن چاڭگېڭمۇ: «تۇرپاندا يىلىغا
مىليون چىڭلاپ پاختا ئېلىنىدۇ. ئۇنى روسىيە سودىگەر-
لىرى سېتىۋېلىپ رەخت توقۇپ، يەنە جۇڭگوغا سېتىپ
ھېسابسىز پايدا ئالىدۇ، بۇ پايدىنى ئۇلارغا كەتكۈزۈپ
قويماسلىق ئۈچۈن، توقۇش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، ئۆزى-
مىز توقۇساق» (يۇقىرىقى كىتاب 568 - جىلت) دەپ
ئىلتىماس قىلغان. بۇ ئىككى جاڭجۈننىڭ تەكلىپى گەرچە
قەغەز يۈزىدىكى قۇرۇق گەپ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ چەت
ئەل سودىگەرلىرىنىڭ ئېلىمىز خەلقىنى شىلىپ يەۋاتقان-
لىقىنى تونۇپ يېتىپ، «پايدا - ھوقۇقنى قايتۇرۇۋېلىش»
تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويالىغانلىقى ئەينى ۋاقىتتىكى
ئەھۋالدا ئاددىي ئىش ئەمەس.

ئۈرۈمچى 1884 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەر-
كىزى قىلىنغاندىن تارتىپ، بۇ يەردە جۇڭگو بىلەن
چەت ئەل سودىسى بەس - بەس بىلەن گۈللەندى. بۇ-
لۇپمۇ، چەت ئەل سودا فىرمىلىرى ئالاھىدە دەۋر سۈردى.

بۇرھان شەھىدى ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسى «شىنجاڭنىڭ
50 يىلى» دا 1907 - يىلىغا قەدەر ئۈرۈمچىدە روسىيىنىڭ
30 نەچچە سودا فىرمىسى، 800 دىن ئارتۇق سودىگىرى

سودا شەھىرى قىلىپ ئېچىش ھەمدە قەشقەر، ئىلى،
تارباغاتايدىن ئىبارەت ئۈچ جايدا كونسۇلخانا قۇرۇپ،
كونسۇللارنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى ئېلىش توغرىسىدا
«جۇڭگو — روسىيە بېيجىڭ شەرتنامىسى» ئىمزالىغان.
1881 - يىلى چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتىنى مەجبۇرلاپ،
ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، قۇمۇل، تۇرپاننى روسىيە سودىگەرلە-
رىنىڭ سودا رايونى قىلىپ ئېچىپ بېرىش توغرىسىدا
جۇڭگو — روسىيە «ئىلى شەرتنامىسى» نى ئىمزالىغان.
شۇنىڭدىن ئېتىبارەن روسىيە سودىگەرلىرى شىنجاڭنىڭ
ھەر قايسى جايلىرىدا توختىماي قاتناپ، سانائەت مەھ-
سۇلاتلىرىنى كۆپلەپ سېتىپ، يەرلىك مەھسۇلات، خام
ئەشيالارنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ، ھېچقانداق باج
تاپشۇرمىغان. 1901 - يىل 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، شىن-
جاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ۋالىيسى راۋيىڭچىنىڭ ئوردىغا
يازغان دوكلاتىدا: «... بۇلار روسىيە سودىگەرلىرى
ئىمپورت - ئېكسپورت قىلغان ماللاردۇر ... باج تۈزۈمى
ئورنىتىپ، باج ئېلىشنى تەكلىپ قىلىمەن» («چىڭ دېزۇڭ-
نىڭ ھەقىقىي خاتىرىسى» 484 - جىلت) دېيىلگەن. بۇ
پەقەت قەغەز يۈزىدىلا قېلىپ، روسىيە سودىگەرلىرى
ماللىرىنى كىرگۈزۈش، ئېلىپ چىقىشتا ئاۋۋالقىدەكلا
جۇڭگو باج تۈزۈمىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغان.
1905 - يىل 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ئىلى جاڭجۈنى ما-
لياڭ پادىشاغا: «موڭغۇل، قازاق چارۋىچىلارنىڭ قوي،
ئات، كالىلىرىنىڭ يۇڭ، تېرىلىرى روسىيە سودىگەرلىرىگە

5. روسىيە ماۋشېڭ سودا فىرمىسى. 1862 - يىلى شەمىسجان، ئەزىز ھاجى 300 مىڭ رۇبلىلىق كاپىتال بىلەن قۇرغان. كېيىنكى مەزگىلدە ئاۋۇت باشقۇرغان (ئىككىلىسى ئۆزبېك).

6. روسىيە جىلى سودا فىرمىسى. 1880 - يىلى مەنسۇرجان (ئۆزبېك) 700 مىڭ يۇەنلىك كاپىتال بىلەن قۇرغان.

7. روسىيە دې خې سودا فىرمىسى. 1881 - يىلى رېھىمجان بىر مىليون رۇبلىلىق كاپىتال بىلەن قۇرغان. كېيىنكى مەزگىلدە مىرسالى، راخمانىباي باشقۇرغان (ئىككىلىسى ئۆزبېك).

8. روسىيە دې شېڭ سودا فىرمىسى. 1883 - يىلى ئىمىنجان بىر مىليون 500 مىڭ رۇبلىلىق كاپىتال بىلەن قۇرغان، كېيىنكى مەزگىلدە تۇرسۇنبابا باشقۇرغان (ئىككىلىسى ئۆزبېك).

9. روسىيە دالى سودا فىرمىسى. 1911 - يىلى بارتىكىن (رۇس) 800 مىڭ رۇبلىلىق كاپىتال بىلەن قۇرغان.

10. ئامېرىكا ئەن لى سودا فىرمىسى. 1914 - يىلى قۇرۇلغان. كەسپىنى داۋشېڭ بانكىسى ۋەكالىتەن بېجىرگەن.

11. گېرمانىيە شۇنفا سودا فىرمىسى. 1917 - يىلى شىرمىر (گېرمانىيىلىك) قۇرغان. قۇرۇلغان ۋاقتىدىكى كاپىتالى ئېنىق ئەمەس.

بار ئىدى. يىل ئاخىرىدىكى تىجارەت مېلىنىڭ قىممىتى تەخمىنەن 300 مىڭ رۇبلىغا يېتەتتى، دەپ يازىدۇ. ئۇ ئېيتقان 30 نەچچە فىرما ۋەدۇسكىسى بار فىرمىلار، مال سېتىۋېلىپ ئۆتكۈزىدىغان سودىگەرلەر ۋە ئۇلار ئۇچۇن يول ماڭىدىغان كومپراتورلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەھۋالدىن خەۋەردار كىشىلەرنىڭ ماتېرىيالل‍ىرىدىن قارىغاندا ئۇرۇمچىدە روسىيىنىڭ ۋەدۇسكىسى بار چوڭ سودا فىرمىسىدىن توققۇزى بولۇپ، گېرمانىيە، ئامېرىكىنىڭكىنى قوشقاندا جەمئىي سودا فىرمىسى 13 كە يەتكەن. ئۇلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى مۇنداق:

1. روسىيە جىنژىڭ سودا فىرمىسى. 1850 - يىلى زىياخوجا (تاتار) 700 مىڭ رۇبلىلىق كاپىتال بىلەن قۇرغان.

2. روسىيە رېنجۇڭشىن سودا فىرمىسى. 1852 - يىلى تەيجى ئوسمان 500 مىڭ رۇبلىلىق كاپىتال بىلەن قۇرغان. كېيىنچە تاجى ئوسمان باشقۇرغان (ئىككىلىسى ئۆزبېك).

3. روسىيە تيەنشىڭ سودا فىرمىسى. 1860 - يىلى ئىسهاق 700 مىڭ رۇبلىلىق كاپىتال بىلەن قۇرغان. كېيىنكى مەزگىلدە زەكى باشقۇرغان (ئىككىلىسى تاتار).

4. روسىيە جىشياڭيۈڭ سودا فىرمىسى. 1861 - يىلى رەمزى ھاجى 3 مىليون رۇبلىلىق مەبلەغ بىلەن قۇرغان (كېيىنچە بەش مىليون رۇبلىغا يەتكەن). كېيىنكى مەزگىلدە ھۈسەن باشقۇرغان (ئىككىلىسى تاتار).

رۇبلىغا سېتىلغان؛ ھالبۇكى ئۈرۈمچىدىن قوي يۇڭى، تېرە، چاي ۋە يىپەك توقۇلما بولۇپ بىر مىليون 182 مىڭ 300 رۇبلى قىممىتىدىكى 31 خىل مال سېتىۋالغان. كىرگۈزگەن تاۋارلىرىنىڭ قىممىتى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن تاۋار قىممىتىنىڭ 60%گە توغرا كەلگەن. ئەمەلىيەتتە ئېلىپ چىقىپ كەتكەن تاۋارلىرىنىڭ مۇۋاپىق باھاسى ئەمەلىي تۆلىگەن باھادىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ. شۇڭا چەت ئەللىك بۇ سودىگەرلەر ئۈرۈمچىدە 3—4 يىل تىجارەت قىلىپلا مىليونېرغا ئايلىنىپ كەتكەن. ئالايلۇق، روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ تيەنشىن فىرمىسى 1860 - يىلى قۇرۇلغاندا ئاران 700 مىڭ رۇبلىلىق كاپىتالغا ئىگە ئىدى. 1914 - يىلىغا كەلگەندە بولسا، پەقەت مۇقىم كاپىتاللا ئىككى مىليون رۇبلىغا يەتكەن، بۇنى ئالتۇنغا سۇندۇرغاندا 38 مىڭ سەردىن ئارتۇقراق بولىدۇ. جىلى سودا فىرمىسى شىنجاڭدىن يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپلا قالماي، خەنكۇدا چاي زاۋۇتى قۇرۇپ، چايدىنلا يىلىغا ئىككى مىليون سەر ساپ كۈمۈش پايدا ئالغان. دالى سودا فىرمىسى دۆلىتىمىزنىڭ تۇرپاندىن چىقىدىغان پاختىسىدىن پايدىلىنىپ موسكۋادا پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتى قۇرۇپ، ھەر يىلى شىنجاڭغا ئەكىلىپ ساتىدىغان رەختتىنلا بىر مىليون رۇبلىدىن كۆپرەك پايدا ئالغان، دېخې ۋە ماۋشىڭ سودا فىرمىلىرى تاۋار سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماي، يەنە چۆچەك، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا ئوت-

12. ئامېرىكا بى لى سودا فىرمىسى. 1918 - يىلى گېمېرگېن (بېلورۇس) بىر مىليون رۇبلىلىق كاپىتال بىلەن قۇرغان. 1927 - يىلى گۇد شەر (ئامېرىكىلىق) باشقۇرغان.

13. ئامېرىكا خۇا مېي سودا فىرمىسى. 1930 - يىلى ئىلنېسكىي (بېلورۇس) قۇرغان. قۇرۇلغان چاغدىكى كاپىتالى ئېنىق ئەمەس.

ئۈرۈمچىدە روسىيە سودا فىرمىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئامېرىكا ۋە گېرمانىيىمۇ «پايدىنى تەڭ بۆلۈشۇش» مۇقامىنى تۇۋلاپ، ئەن لى، بى لى، خۇا مېي ۋە شۇنىڭغا سودا فىرمىلىرىنى قۇرغان. ئۇلار «چوڭ دۆلەت» سودا فىرمىلىرىنىڭ ۋەزىپىسىمىنى تاقىشىپ، خالىغانچە تالان - تاراج قىلىپلا قالماستىن، ئەنگىلىيە، ھىندىستان، ئافغانىستان ۋە تۈركىيىلىك بىر تۈركۈم كىشىلەرنى يەغىپ ئۆزلىرىنىڭ دەللاللىرى قىلىشىپ، خۇشامەتچىلىك قىلىش، خەبەردار تېپىشقا سالغان. ئۇلار چەتنىڭ بازىرى كاسات ناچار كۆندىلىك بۇيۇملىرىنى شىنجاڭغا يۆتكەپ، يۇقىرى باھادا سېتىپ شىنجاڭ خەلقىنىڭ قولىدىن سانائەت خام ئەشيالىرىنى ئەرزان باھادا سېتىۋالغان. 1903 - يىلدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، روسىيە سودا فىرمىلىرىنىڭ ئۈرۈمچىگە ئەكەلگەن پاختا توقۇلما بۇيۇملىرى، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يېمەكلىك ۋە كۆندىلىك قاچىلىرى، تۆمۈر بۇيۇملار، كىرسىن قاتارلىقلىرى 13 خىل بولۇپ، 773 مىڭ 899

جۇڭگو سودىگەرلىرى باشقۇرۇۋاتقان ئالماشتۇرۇش كەسىپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋى فىڭخۇ، تيەن چىڭخېڭ، شيې تۇڭچىڭدىن ئىبارەت ئۈچ بانكىنى سىقىپ تاقىلىشقا مەجبۇر قىلغان.

چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى «روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش» نى باھانە قىلىپ، 1895 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭ شۈي 21 - يىلى) شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىنى ئۈرۈمچىدىكى چەت ئەل سودا فىرمىلىرى مەركەزلەشكەن رايونلارنى «سودا چەمبىرىكى» قىلىپ ئايرىپ بېرىشكە مەجبۇر قىلدى. «سودا چەمبىرىكى» نىڭ شىمالىي دۆڭكۆۋرۈكتىن خاڭچېڭغىچە (ھازىرقى مىللىي بۇيۇملار سودا سارىيى ۋە ئىتتىپاق يولى دائىرىسى)، جەنۇبىي سەندۈڭبېيغىچە، شەرقىي رۇس گۆرلىكىگىچە، غەربىي ساي يولىغىچە بولۇپ، «سودا چەمبىرىكى» ئەمەلىيەتتە تيەنجىن، شاڭخەيلەردىكى كونسېسىيدۇر. ئەينى چاغلاردا قەشقەر، ئۈرۈمچىدە كونسۇل بولۇپ تۇرغان پوكىياۋىلىنسكىي ئىسىملىك رۇسنىڭ «روسىيە — جۇڭگو شەرتنامىسىگە ئاساسەن، جۇڭگودا تۇرۇشلۇق روسىيە مۇھاجىرلىرى ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە. ئۇلار جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە ئۇنىڭ قانۇنلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ.... شۇڭا، ھەر قانداق روسىيىلىكنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى سوراق قىلالمايدۇ ۋە جازالىيالمايدۇ، ئۇلارنى پەقەت روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى — كونسۇل ۋە روسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھاكىمىيەت

لاقلارنى ئىگىلەپ، چارۋا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى قەستەن تۆۋەنلىتىپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بازاردىن ئەرزان باھادا مال سېتىۋېلىپ، ئوتتۇردىن كۆپلەپ پايدا ئالغان. جى شياڭيۈك ۋە دې شېڭ سودا فىرمىلىرى ئۈرۈمچى باغۇلياڭدىكى كۆكتات ئېتىزلىرى ئەتراپلىرى (ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو ئىستانسىسى ۋە يەنئەن يولى باغچىسىغا توغرا كېلىدۇ) دا چوڭ تېپتىكى مويكا قۇرۇپ، 500دىن ئارتۇق ئەرزان ئەمگەك كۈچىنى ئېكسپورت قىلىدىغان قوي يۇڭى يۇيۇشقا ۋە پەششىقلاپ ئىشلەشكە سالغان. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە قەدەر ھازىرقى يەنئەن يولى باغچىسى «ياڭماۋخۇ①» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. چار روسىيە ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا بولغان تاجاۋۇزىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش مەقسىتىدە 1892-يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭ شۈي 18 - يىلى) دىن باشلاپ ئىلى، چۆچەك، قەشقەر، ئۈرۈمچىدە بانكا (داۋشېڭ بانكىسى) قۇرۇپ، كۆپلەپ قەغەز رۇبلى تارقىتىپ، شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە قۇرغان تارماق ئاپپاراتلىرىدىن پايدىلىنىپ، بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي، خەنكۇ قاتارلىق جايلار بىلەن ئالماشتۇرۇش كەسپىنى يولغا قويۇپ، تېز لا ۋاقىت ئىچىدە ئۈرۈمچىدە

① ياڭماۋخۇ — تەرجىمىسى قوي يۇڭى كۆلى.

تەپتارتماي جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ياردەم بەرگەن.

1917 - يىلدىكى روسسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، لېنىن باشچىلىقىدىكى سوۋېت ھۆكۈمىتى دۆلىتىمىزگە قارىتىلغان يولسىز شەرتنامىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇردى. شىنجاڭنىڭ يەرلىك دائىرىلىرى 1920 - يىلدىن ئېتىبارەن چەت ئەل سودىگەرلىرىدىن باج ئېلىشقا باشلىدى. كىرگۈزۈلگەن مالدىن مالنىڭ ئومۇمىي باھاسىنىڭ 7.5 پىرسەنتى بويىچە، ئېلىپ چىقىدىغان مالدىن مالنىڭ ئومۇمىي باھاسىنىڭ بەش پىرسەنتى بويىچە باج ئېلىندى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇرۇمچىدە 20 نەچچە يىل دەۋر سۈرگەن «سودا چەمبىرىكى» دەۋر ئېقىمى تەرىپىدىن غەرق قىلىندى. ئاتالمىش «تۇققۇز چوڭ» روسسىيە سودا فىرمىسىدىن ئۇچى ئىشنى يىغىشتۇرۇپ دۆلىتىگە قايتقاندىن باشقا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى سودا فىرمىلىرىنىڭ خادىملىرى جۇڭگو تەۋەلىكىگە ئۆتتى. شۇنىڭدەك سوۋېت — شىنجاڭ ھۆكۈمەت تەرەپ سودىسىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ تەدرىجىي تاقالدى. ئامېرىكا، گېرمانىيىنىڭ سودا فىرمىلىرىمۇ مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ئارقا - ئارقىدىن خارابلىشىشقا يۈز تۇتتى. بولارنىڭ ئىچىدە گېرمانىيە شۇنغا سودا فىرمىسى جىڭ شۇرىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە گېرمانىيىگە ئوقۇغۇچى چىقىرىشقا ياردەملىشىش، گېرمانىيىدىن تاش يول مۇتەخەسسىسى ھۆكۈمىتىنى تەكلىپ

ئورگانلىرىدا سوراق قىلىشقا، جازالاشقا ھوقۇقلۇق» («جۇڭگونىڭ سەددىچىن سىرتىدىكى غەربىي رايونلىرى». دىن ئېلىندى) دەپ ئىقرار قىلغىنىدەك «سودا چەمبىرە-كى» دائىرىسىدىكى روسىيە سودىگەرلىرى تولۇق ئالاھى-دە ئىمتىيازلارغا ئىگە ئىدى. ئۇ رۇس كونسۇلى بۇ يەردە پەقەت كونسۇلنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى دائىرىسى-دىنلا سۆزلەنگەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە «سودا چەمبىرىكى» ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق روسىيە سودىگەرلىرى («سودا چەم-بىرىكى»، دائىرىسى سىرتىدىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ سودا فىرمىلىرىمۇ) جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قىلچە نەزەر-گە ئالماي، سودىگەرلىك قىلسا باج، يەر ئىگىلىسە ئىجارە تۆلىمەيتتى، ھەتتا مەكتەپلەرنى ئېچىپ، چەت ئەل گېزىت - ژۇرناللىرىنى تارقىتىپ، شىنجاڭدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىلىرىنى تەرغىب قىلاتتى. بەزى سودا فىرمىلىرى جاسۇسلارنى ئىشقا سېلىپ، خەلقئارا جاسۇس-لۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئالايلۇق، روسى-يىنىڭ شۇنفا سودا فىرمىسى بەلورۇس مىزگىننى جاسۇس-لۇققا ئالغان ھەمدە ئەنگلىيىلىك پوپ خوجەنجىپ (ئەسلى ئىسمى ھونتېر) بىلەن بىرلىشىپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جەھەتلىرىدىكى ئاخباراتلارنى توپلىغان ۋە چەت ئەلگە يوللىغان. گېرمانىيىنىڭ شۇنفا سودا فىرمى-سىنىڭ «كاتولىك ئىبادەتخانىسى»نىڭ پوپى رىدمانلوئى، خې بەيلياڭلار بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق بولغان ھەمدە دۇلارنىڭ بەلورۇس مىزگىننى جاسۇسلۇققا سېتىۋېلىپ

# فومىن توقۇمىچىلىق فابرىكىسى①

## شېرىپ خۇشتار

18 - ئەسىردىن باشلاپ، شىنجاڭغا چەتئەل كا-
پىتالى قەدەممۇ قەدەم سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى.
19 - ئەسىرگە قەدەم قويغاندا يەنى كاپىتالىزم
دەۋر تەرەققىي قىلىپ جاھانگىرلىك باسقۇچىغا كىرگەندە
شىنجاڭ چەتئەل جاھانگىر دۆلەتلەر ئالدىدا تۇرغان
بىر پارچە لوق گۆشكە ئايلاندى. چاررۇسىيە ئەنگ-
لىيىدىن ئىبارەت كونا مونوپولىست (مۇستەملىكىچى)
دۆلەتلەر شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا ئىقتىسادىي
تالان - تاراج قىلىشقا باشلىدى.

ياۋروپا ئويغىنىشىدىن كېيىن، ياۋروپادا بارلىق-
قا كەلگەن ماتورلۇق ماشىنا، ماتورلۇق پاراخوت،
ماتورلۇق ئۇچقۇ ۋە تۆمۈر يول، تۇرلۇك زاۋۇت، فاب-
رىكا قاتارلىق يېڭى تېخنىكا كەشپىياتلىرى تېخىچە
غەپلەت ئۇيقىسىدا ياتقان غاپىللار دۇنياسىنى ھەيـ
ران قالدۇردى.

---

① بۇ فابرىكا «شىنجاڭ فومىن توقۇمىچىلىق ئىدرىكىتى» دەپمۇ ئاتىلاتتى.
چۈنكى فابرىكا قۇرۇلۇشىغا پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى پاي قوشقان.

قىلىپ ئەكىلەش قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، جىڭ شۇرېنىڭ ئاتىدارچىلىقىدا ئىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەرمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ھالاكەت گىر-داۋىغا قەدەم قويدى.

سابىق روسىيە سودا فىرمىلىرىنىڭ جۇڭگو تەۋەلىكىگە ئۆتكەن خادىملىرى ئۇرۇمچىدە ئۇزاق مۇددەت ياشىغانلىقى ئۈچۈن، يەرلىك خەلق بىلەن چىقىشىپ قالغانىدى. شۇڭا سودا فىرمىلىرى ئەمەلدىن قالغان بولسىمۇ، يەر-لىك خەلق بىلەن ئىناق-ئىتتىپاق مۇناسىۋەتتە بولدى. بولۇپمۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى سودا، مالىيەگە پىششىق زاتلار ئۇرۇمچىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا مۇئەييەن ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇردى.

تولىما، شاتاۋا، ھەمزەك ۋە باشقا ھەر خىل رەخت تو-
قۇش كارخانىسى قۇردى. بوياقچىلىق سېخى ئۇيۇشتۇ-
رۇپ يەرلىك بوياقلارنى خىمىيىلىك بىرىكمىلەر بىلەن
بىرلەشتۇرۇپ بوياقچىلىق سانائىتىنى ئىلگىرى سۈر-
دى. شۇنداقلا يەركەننى ئاساس قىلغان ھالدا سەرەڭ-
گە زاۋۇتى قۇرۇپ پۈتۈن ماتېرىياللىرىنى ئۆزى ئىشلە-
دى. كۈنىگە 10 مىڭ قاپ سەرەڭگە ئىشلەپ چىقىرىدىغان
بۇ زاۋۇت ئېھتىياجىنىڭ مەلۇم قىسمىنى قاندۇردى ۋە
تاش ئاخۇن سەرەڭگىسى نامى بىلەن ئاتالدى.

شىنجاڭنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدا بارلىققا كەل-
گەن بۇ مىللىي سانائەتچىلەر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى
جايلىرىدىكى سودا - سانائەتچىلەر ۋە ئىلغار پىكىر-
لىك كىشىلەرنى ئويغاتتى. چۈنكى ئۇ يىللاردا شىنجاڭ
يەرلىك قول سانائەت ماللىرىدىن قالسا چاررۇسىيە
ۋە ئەنگىلىيىنىڭ سانائەت ماللىرىغا قاراشلىق ئىدى.
ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كېلىدىغان تاۋار - دۇردۇن قاتار-
لىق جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى ماللىرى شىنجاڭنى قامداپ
كېتەلمەيتتى ياكى ئارىلىق يىراق، ئۇنىڭ ئۇستىگە
ئۇ خىل رەختلەرنى كىيىدىغانلارمۇ ئاز سانلىقلار ئىدى.
ئاشۇ يىللاردا ئۇرۇمچى ئارقىلىق روسىيەگە توشۇلىدىغان
شىنجاڭنىڭ يەرلىك ماللىرى ئىنتايىن كۆپ ئىدى.
مەرھۇم بورھان شەھىدى ئۆزىنىڭ «شىنجاڭنىڭ 50 -
يىلى» دېگەن ئەسلىمىسىدە «100 جىڭ پاختىنىڭ با-
زار باھاسى قەغەز پۇلغا 40 سەر ئىدى. چەتئەل سو-

19 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى ياۋروپادا يا-
رىتىلغان بۇ خىل مۆجىزىلەردىن ئالدىن خەۋەر تېپىپ
ئۇنى ئۆگىنىش ۋە ئۆز يۇرتىدا كېڭەيتىشنى تەشەب-
بۇس قىلغۇچىلار مۇسا ھاجى (مۇسابايوف)، تاش ئاخۇنوم،
باۋۇدۇن مۇسا ھاجى قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىي-
پەرۋەر سودا - سانائەتچىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزى-
لىرى پېتربورگ، فىنلاندىيىگىچە، بەزىلىرى گېرمانىيى-
گىچە، بەزىلىرى كىچىك ئاسىيا ۋە ئەرەب ئەللىرىگىچە
بېرىپ سانائەت دۇنياسىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ
گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ
چوڭقۇر تەسىرلىنىدۇ. ئۇلار، شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىت-
تىكى قول سانائىتى، خام ئەشياسى، چەتئەللەرگە
توشۇپ كېتىلىۋاتقان خام ئەشيا، يەرلىك مەھسۇلاتلار
ۋە ئۇنىڭدىن كېلىدىغان پايدا - زىياننى ئوبدان
ھېسابلاپ كۆرگەندىن كېيىن، شىنجاڭدا دەرھال مىللىي
يەرلىك سانائەت قۇرۇشنى پىلانلايدۇ. نەتىجىدە
مۇسەنباي ھاجى ئىنىسى باۋۇدۇن باينى گېرمانىيىگە
زامانىۋى سانائەت ئۇسكۈنىسى (زاۋۇت) تاللاپ سېتى-
ۋېلىشقا ئەۋەتىدۇ.

باۋۇدۇن باي چەتئەلدىن كۆن - خۇرۇم زاۋۇ-
تى سېتىۋېلىپ، 1909 - يىلى ئىلىدا كۆن - خۇرۇم
زاۋۇتى (ھازىر دۆلەت ئىگىلىكىدە) قۇرىدۇ.
تاش ئاخۇنوم قەشقەر، ئاتۇشنى ئاساس قىلغان ھالدا
قول سانائىتىنى تېخنىكىلاشتۇرۇپ ماتا، چەكمەن، سەگەز،

تۇردى ئاخۇن شاگىرزۇك باشچىلىقىدا نەچچە يۈزلىگەن ھەر مىللەت سودا ـ سانائەتچىلەر بار ئىدى.
بىر قانچە يىللىق تالاش ـ تارتىش ئارقىلىق ئۈرۈمچىدىكى ھەر مىللەت سودا ـ سانائەتچىلەر شىرىكلىشىپ زاۋۇت قۇرۇشقا كېلىشىدۇ. ياڭ شاگىرزۇك بىلەن تۇردى ئاخۇن شاگىرزۇكلار باشچىلىقىدا 10 سەر ئۆلكە پۇلى (10 سەر ئۆلكە پۇلى 4 سەر كۈمۈشكە توغرا كېلەتتى) بىر پاي قىلىپ بەلگىلىنىپ پاي تارقىتىلدى. ياڭ زېڭشىن بۇنى قوللايدۇ ۋە زاۋۇت سېتىۋېلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. لېكىن ئەينى ۋاقىتتا زاۋۇت سېتىۋېلىشقا كېتىدىغان پۇل تولۇق مۆلچەرلەنمىگەچكە ئۈرۈمچىدىكى سودىگەرلەر پاي قوشۇپلا زاۋۇت قۇرۇشقا بولىدۇ دەپ قارالغانىدى. ئەمەلىيەتتە ئۈرۈمچىدىكى سودىگەرلەردىن توپلانغان پاي سومما ھېچ نەرسىگە دال بولمىدى. شۇڭا پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە پاي توپلاش ئىشى ئېلىپ بېرىلدى. ناھىيە، ۋىلايەتلەرگە پاي ۋەزىپە قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ۋالىي، ھاكىم، بەگ، شاڭيۈلار پاي بولۇپ خەلق ئىنتايىن ئېغىر كۈندە قالدى. ئالايلۇق، ۋىلايەتكە ۋەزىپە قىلىپ چۈشۈرۈلگەن 1000 پاي چېكىنىڭ باھاسى 2، 3 ھەسسە ئۆستۈرۈلۈپ ناھىيىلەرگە چۈشۈرۈلدى. ناھىيە ئۆزىگە تېگىشلىكىگە 2، 3 ھەسسە باھا قوشۇپ تارقاتتى. بەگ، شاڭيۈلارمۇ بىلگىنىنى قىلدى. شۇنداق قىلىپ بۇ قېتىمقى پاي چېكى شىنجاڭ خەلقىغە پەۋقۇلئاددە زۇلۇم بولدى. چۈنكى تىرىكلىكى

دىگەرلىرى ئالدىن پۇل بەرگەنلىكى ئۈچۈن 15، 20 سەرگە ئالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرلىك مال بىلەن چەتئەل مېلىنىڭ باھا پەرقى ئىنتايىن زور ئىدى.» (13 - بەتتە)، «شۇ يىللىرى يىلىغا شىنجاڭنىڭ 150 مىڭ تۆگىلىك يەرلىك مەھسۇلاتى ئۈرۈمچى ئارقىلىق روسىيىگە توشۇلاتتى (ئۈرۈمچى ئارقىلىق توشۇلغان بۇ ماللار قۇمۇل، تۇرپان، توقسۇن، گۇچۇڭ، جىمسار، ئۈرۈمچىنى ئاساس قىلغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەتتا ئاقسۇدىمۇ روسىيىگە بېرىش يوللىرى ناھايىتى يېقىن ئىدى -ئا.») بىر تۆگىگە ئون پۇت (1 پۇت 16.38 كىلوگرام) يۈكلىنەتتى. بۇنى كىلوگرامغا سۇندۇرغاندا 24 مىڭ توننا بولىدۇ» (17- بەت) — دەپ يازىدۇ. دېمەك ئەنە شۇنداق كۆپ ساندىكى يەرلىك مەھسۇلاتنىڭ چەتئەلگە توشۇپ كېتىلىشكە كۆزى قىيمىغان ئۈرۈمچىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئالدىنقى ئىككى سانائەتنىڭ تەجرىبە - ساۋاق، پايدا - زىيانلىرىنى يەكۈنلەپ ئۈرۈمچىدە زاۋۇت قۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلىدۇ.

بۇ ياڭ زىڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋر بولۇپ شىنجاڭدا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىمۇ زور دەرىجىدە كۈچ كۆرسىتىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. ئۈرۈمچىدە ياڭۋېيشىن باشچىلىقىدا 97 خەنزۇ، خۇيزۇ سودىگەردىن تەركىب تاپقان سودا بىرلەشمىسى ۋە

زىنىڭ كوخوي ئىزالىقىدىن پايدىلىنىپ زاۋۇت سېلىۋې-
لىش ئۈچۈن چەت ئەلگە ئادەم ئەۋەتىدۇ.

ئۇ يىللاردا ياۋروپا، ئامېرىكا ئەللىرىنىڭ توقۇ-
مىچىلىق ساناتىتى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان بولۇپ، نەچچە ئون مىڭ ئۇرچۇقلۇق توقۇمىچىلىق ماشىنىلىرىنى ئىشلەپچىقىراتتى. ياڭ زىڭشىن زاۋۇت سېلىشقا ئەۋەتـ-
كەن ئادەملەر ئامېرىكا ۋېردىس زاۋۇتىدا ئىشلەنگەن 2 مىڭ ئۇرچۇقلۇق بىر يۇرۇش رەختتوقۇش ماشىنىسىنى سېتىۋالدى.

ئەينى ۋاقىتتا قومىن توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ تېخنىكى بولغان چىن شىرۋىگىنىڭ ئېيتىشىچە، 1927-
يىلى فابرىكا قۇراشتۇرۇلغاندا 240 ئۇرچۇقلۇق يىپ ئېگىرىش ماشىنىسىدىن بەشى، توقۇش دەستگاھىدىن 30 ى، يىپ يۇيۇش ماشىنىسىدىن بەشى، پاختا تاز-
لاش ماشىنىسىدىن بىرى، پاختا تاراش ماشىنىسىدىن بەشى، يىرىك پىلتە قىلىش ماشىنىسىدىن 10 ى، ئىنـ-
چىكە پىلتە ئېشىش ماشىنىسىدىن ئىككىسى، يىرىك يىپ ئېگىرىش ماشىنىسىدىن ئۈچى، يىپ يۇگەش ماشىنىسىدىن بىرى، ئىنچىكە يىپ ئېگىرىش ماشىنىسى-
دىن بىرى، يىپ پەتلەش ماشىنىسىدىن بىرى، 50 ئات كۈچىگە ئىگە چاتما شەكىللىك پار قازىنىدىن بىرى، 25 ئات كۈچىگە ئىگە تىك شەكىللىك پار قازىنىدىن بىرى بار ئىكەن.

يۇقىرىقى زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىشقا 200 مىڭ سەر كۈمۈش كەتكەن بولۇپ، توپلانغان ئومۇمىي پاي سوممىسىنىڭ 3 تىن 1 قىسمىنىمۇ ئىگىلىمىگەن،

ئادەم پاي ئالماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا 20،
30 كىشى بىر بولۇپ بىر پاي چېكى ئالغان ئەھۋال-
لار بولدى.

مەيلى قانداق بولسىمۇ شۇ قېتىمقى فومىن توقۇ-
مىچىلىق فابرىكىسىغا توپلانغان پاي چېكى (ۋاڭ، ھا-
كىم، بەگ، شاگىيۇلاردىن ئېشىپ قالغىنى) 1 مىليون سەر
ئۆلكە پۇلى (بۇ 400 مىڭ سەر كۇمۇشكە باراۋەر)بولدى.

ياڭ زىڭشىن ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن شىنجاڭ بويى-
چە نەچچە مىليون سەر كۇمۇش يىغىلىدۇ دەپ پەرەز
قىلغانىدى، لېكىن ئۇنداق بولمىدى. سۈرۈشتە قىلغاندا
تۆۋەندىكى نۇرغۇن خىيانەت قىلغانلىقى ئاشكارىلاندى.
خەلقنىڭ داد - پەريادى ئۆلكىگە يېتىپ كەلدى. ياڭ-
زىڭشىن دەسلەپتە توپلانغان پۇلنىڭ زاۋۇت سېتىۋېلىش-
قا يەتمەيدىغانلىقىنى بىلىپ پۇلنى قايتۇرۇۋېتىشكە بۇي-
رۇق قىلدى. لېكىن ئۆلكىلىك يىغىن (كېڭەش) ۋە سو-
دا - سانائەتچىلەر بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ، چۈنكى ھەر بىر
پاي چېكىنى شەخسىلەرگە قايتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس
ئىدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىكى
چوڭ سودىگەرلەردىن روزى ھاجىم (يېڭجاڭ)، ساقى ئا-
خۇن باي، يۇسۇپ ھاجىم، تۇردى ئاخۇن شاگىزۇڭ چا-
ناشىق ۋە باشقا ئۆزبېك، تاتار فىرما ئىگىلىرى قاي-
تىدىن پاي چېكى سېتىۋالىدۇ. ياڭ زىڭشىن ھۆكۈمەت
خەزىنىسىدىن 500 مىڭ سەر ئۆلكە پۇلى ئاجرىتىپ
پاي چېكى سېتىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياڭ زىڭشىن ئۆ-

بۇ زاۋۇتقا ئىچكەرى ئۆلكىدىن تەكلىپ قىلىنغان ئىككى ئىنژېنېرنىڭ بىرى ياڭ جىنجۇننىڭ خاتىرىسىگە قارىغاندا مەزكۇر زاۋۇت تولۇق ئىشقا كىرىشسە ئېيىغا 2000 توپ رەخت ئىشلەپ چىقىرالايدىكەن. بىراق زاۋۇت-تا بار بولغان 30 رەخت توقۇش ماشىنىدىن ئاران 20 سى ئىشقا كىرىشتۇرۇلگەنلىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇ-مۇمىيۈزلۈك يۈرۈشۈپ كېتەلمىگەنلىكتىن كۈنىگە ئاران 30 توپ رەخت ئىشلەپ چىقىرالىغان.

شۇ چاغدا بىر توپ رەختنىڭ باھاسى 30 سەر، 200 ئىشچىنىڭ ئايلىق مۇئاشى 600 سەر بولۇپ، كى-رىم ئاران چىقىمنى قامدىغان، پايدا ئالالمىغان.

1933 - يىلى ماجۇڭيىڭ ئىككىنچى قېتىم ئۇرۇم-چىنى مۇھاسىرىگە ئالغاندا فومىن توقۇمىچىلىق فابرى-كىسىغا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەن. كېيىن شىڭ شى-سەي بۇزۇلغان ئۈسكۈنىلەرنى ئۈزىنىڭ قورال - ياراق زاۋۇتىغا يۆتكەپ قورال - ياراق ياسىغان. پۈتۈن شىن-جاڭ خەلقىنىڭ قان - تەرى بىلەن ياسالغان بۇ زاۋۇت ئاران بەش يىل ئۆمۈر كۆرۈپ ئاخىرقى جىنسىيىنى قورال-ياراق ياساشقا تۇتۇپ بېرىپ ئاخىرلاشقان. كىم بىلىدۇ، ياسالغان قورال بىلەن پاي قوشقۇچىلار ئېتىپ، چاناپ ئۆلتۈرۈلدىمۇ؟

113-009، 114-10 - 114 - نومۇرلۇق ماقالىنى يېزىشتا، ئارخىپ، ئۇرۇمچىدە يۈز بەرگەن چوڭ ئىشلار خاتىرى-سى ۋە ئاسىر بەگ، باقى ئاخۇن تۇردىنىڭ ئاغزاكى ماتېرىيالىدىن پايدىلاندىم.

120 ىنىڭ سەر كومۇش يۈتكەش ھەققى ئۇچۇن خەج-
لەنگەن، قالىمىش پۇل يوقالغان، بۇزۇلغان زاپچاسلارنى تول-
ۇقلاش، زاۋۇت قۇرۇلۇشىغا ۋە باشقا جەھەتلەرگە خەجلەنگەن.

1925 - يىلى (مىنگونىڭ 14 - يىلى) قۇرۇلۇش
ھازىرلىقىغا كىرىشكەن بۇ زاۋۇت ھەر خىل قىيىنچىلىق-
لار تۈپەيلىدىن 1928 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئاران پۈت-
كەن. زاۋۇتنىڭ ئەسلى ئورنى ھازىرقى خەلق باغچىسى-
نىڭ يېنىدىكى ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيىغا بارىدىغان
يول ۋە شىنخۇا باسما زاۋۇتىنىڭ ئورنىنىڭ بىر قىسمى-
غا توغرا كېلىدۇ.

زاۋۇت قۇرۇلغاندا تەشكىلىي ئاپپاراتىدا دىرېكتور
ۋە ئورۇنباسارى، 10 كىشىدىن تەركىب تاپقان خوجۇ-
لۇق باشقارمىسى بولۇپ، مالىيە، كەسپىي تىجارەت ئىش-
لىرىنى باشقۇرغان. زاۋۇتقا ھۆكۈمەت ھېساباتىدا قۇرۇ-
لۇش نازىرى يەن يۆشەن رەھبەرلىك قىلغان. يەنە زا-
ۋۇتنىڭ بىر رېمونتخانىسى بولۇپ بۇنىڭدا سەككىز سۆكلۈق
رەندىلەش ستانوكىدىن بىرى، ئالتە چىلىق كىچىك ستا-
نوكتىن بىرى ۋە باشقا چوڭ - كىچىك رېمونت ئۈسكۈ-
نىلىرى بار ئىكەن. رېمونتخانىدا بىر ئۇستا، ئىككى
شاگىرت ئىشلىگەن ئىكەن.

زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەندە 200 ئىشچى-
سى بولغان. ئەر، ئايال ئون شاگىرت تېخنىك ئىشچى-
لىقا ئېلىنىپ بۇلار پاختا يىگىرىش ۋە پاختىغا سۇ پۈر-
كۈپ نەملەش قاتارلىق ئىشلارنى ئۆگەنگەن.

جەددىتلەر دىنىنىڭ دۈشمەنلىرى... دەپتۇ، شۇڭا مەكتەپ-
نى تاقاپ ئوقۇتقۇچىلارنى ئوقۇتۇشتىن چەكلەپتۇ — دې-
گەن گەپلەر بولغانىدى، شۇنىڭغا قارىغاندا ھەم شۇ
چاغدىكى ياش قورامىم بىلەن ھېسابلىغاندا ئۈرۈمچى-
دىكى تۇنجى پەننىي مەكتەپ 1914 - يىلىنىڭ ئاخىرلى-
رى قۇرۇلغان بولۇشى ئېھتىمال.

مېنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇنجى قېتىم ئېچىلغان پەننىي
مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇپ قېلىشىمنىڭ جەريانى مۇنداق
بولغانىدى:

ئون ياش ۋاقتىلىرىدىم بىر كۈنى دادام مېنى يېتى-
لەپ ئۈرۈمچىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىكى رەستىنىڭ (ھا-
زىرقى نەنمەن گۈللۈك) غەربىدىكى يېڭى مەھەللىدىكى
شو روزى ھاجىمنىڭ قېيىنئاتىسى دورىگەر ھاجىمنىڭ
ھويلىسىغا باشلاپ كەلدى. بۇ ھويلىغا ئۈرۈمچىدىكى
باي سودىگەرلەر، يۇرت كاتتىلىرى ۋە بىر بۆلۈم ئىل-
غار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى يىغىلغانىدى.
دادام مېنى ھويلىدا قويۇپ چوڭلار ئولتۇرغان ئۆيگە
كىرىپ كەتتى. ئۆيدە ئۈرۈمچىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر
تىلىدا تۇنجى قېتىم ئېچىلغان پەننىي مەكتەپنىڭ ئو-
قۇش باشلاش مۇراسىمى شەرىپىگە زىياپەت بېرىلمەكتە
قان ئىكەن.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئوقۇش باشلاندى. سىنى-
پىمىزغا ئوقۇغۇچىلار بەشتىن ئولتۇرىدىغان پارتا - ئو-
رۇندۇقلار رەت - رەت قويۇلغان، تامغا قارا دوسكا ئې-

# ئۇرۇمچىدە تۇنجى قېتىم ئېچىلغان قارا دوسكا

## باقى ئاخۇن تۇرى

تەھرىر ئىزاھاتى: مەزكۇر ماقالىنى ئۇرۇمچىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن پېشقەدەم جامائەت ئەربابى باقى ئاخۇن تۇردى ئوغلى ھايات ۋاقتىدا يېزىپ قالدۇرغان. بىز مەرھۇمنىڭ ئارزۇسىغا ۋارىسلىق قىلىپ قايتا ئىزدىنىپ ۋە رەتلەپ ئېلان قىلدۇق.

ئېسىمدە قېلىشىچە ئۇرۇمچىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇتىلىدىغان تۇنجى پەننىي مەكتەپ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرىرەك ئېچىلغان. ئەينى ۋاقىتتا مەن ئون ياشلار چامىسىدا بولغانلىقىم ئۈچۈن يىل، ئاي، كۈنى تولۇق ئېسىمدە قالماپتۇ. لېكىن شۇنىسى ئېنىق ئېسىمدىكى بىز تۇنجى قېتىم قارا دوسكا ئىشلەتكەن پەننىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇپ 3 - يىلى ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇتۇشتىن توختىتىلىپ مەكتەپ تاقالدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ مەكتەپنىڭ تاقىلىشى ھەققىدە: روسىيەدە ئىنقىلاب بولۇپتۇ، بولشېۋىكلار بىلەن مىنشېۋىكلار ئۆزئارا سوقۇشۇپتۇ. ياڭ جاڭجۈن (ياڭ زېڭشىن) روسىيەدە بۇزۇلغانلار (ئىنقىلابچىلار - پرولېتارلارنى دېمەكچى) يېڭىچە ئوقۇغانلار، بۇ پەردە يېڭىچە مەكتەپ ئېچىلمىسۇن... دەپتۇ. بۇ چاغدا بىر بۆلۈم ھۆتەئەسپلەر: ياڭ جاڭجۈن توغرا ئېيتتى، يېڭىچە مەكتەپتە ئوقۇغانلار

ئۈچ مۇئەللىم بولۇپ، بۇلار ياڭخاڭدا ئولتۇرۇشلۇق ئابدىخالىق داموللامنىڭ نورىدىن، شەمشىدىن، بەدرىدىن دېگەن ئوغۇللىرى ئىدى. ئابدىخالىق دامولللام قازان، بۇخارا قاتارلىق جايلاردىكى ئاتاقلىق مەدرىسلەردە ئوقۇپ كۆپ بىلىم تەھسىل قىلغان مۆتىۋەر ئالىم كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى تۈركىيىدە ئېچىلغان جەدىدى مەكتەپلەردە ئوقۇغان ئەھلى ئىلمى ئەخلاقى پەزىلەتلىك زىيالىيلار ئىدى.

ئۇلار بىزگە شۇ زاماننىڭ ئىجتىمائىي شارائىتى ۋە دىنىي ئۆرپ - ئادىتى بويىچە ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىر، ئىككى سائەت دىنىي تەلىمات بەرگەندىن كېيىن، ئاساسلىقى تىل - ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، تارىخ، جۇغراپىيە، ھۆسنىخەت، ئەخلاق، تەنھەرىكەت ۋە ناخشا دەرسلىرىنى ئۆتەتتى.

نورىدىن ئەپەندى مەكتەپنىڭ دەرسلىك - قوللانما، ئېقىۋ - ئوقۇتۇش ۋە مەمۇرىي ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇدىر بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا ھەقسىز بېرىلىدىغان دەپتەر - قەلەم ۋە باشقا مەنقۇلاتلارنى يەتكۈزۈپ بېرىش، دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ ۋە ئۇنى شاپىگرافتا نېپىز قەغەزگە بېسىپ تارقىتىش، ئىقتىسادىي ئىشلارنى باشقۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى بېجىرەتتى ۋە قوشۇمچە جۇغراپىيە دەرسىنى بېرەتتى.

بەدرىدىن ئەپەندى، تىل - ئەدەبىيات، ناخشا، ھۆسنىخەت قاتارلىق دەرسلەرنى بېرەتتى. ئۇ بىزگە شۇ زاماندا مۇنداق ناخشا ئۆگەتكەنىدى.

سەلىغانىدى. بىزنىڭ بۇ دەرسخانىمىز تەرەققىيپەرۋەر زات دورىگەر ھاجىمنىڭ مېھمانخانىسى ئىدى.

بۇ مەكتەپنىڭ ئېچىلىشىغا مۇنداق بولغانىكەن. ئۇ-رۇمچىدىكى تەرەققىيپەرۋەر زاتلاردىن روزى ھاجىم (يە-جاڭ)، يۇسۇپ ھاجىم، تۇردى ئاخۇن شاگىرۇك ۋە ساقى ئاخۇنباي قاتارلىقلار، 1913 - يىلى قەشقەردە قەشقەر-لىك مۆتىۋەر دېموكراتلاردىن ئابدىكېرىمخان مەخسۇم باشلىق كىشىلەر ئاچقان يېڭىچە مەكتەپتىن ئىلھاملىنىپ ئۈرۈمچىدىمۇ يېڭىچە مەكتەپ ئاچماقچى بولغان. بۇنىڭ-دىن خەۋەر تاپقان بىر قىسىم مۆتىۋەرلەر بىر تەرەپتىن ئىقتىسادىي ياردەم بەرسە يەنە بىر تەرەپتىن مەكتەپكە بالىلارنى جەلپ قىلىش ئىشىغا قاتناشقان. بۇ چاغدا دورىگەر ھاجىم شەرق پوسۇنىدا سېلىنغان ئاستى - ئۈس-تى تاختايلىق ئازادە مېھمانخانىسىنى مەكتەپكە دەرس-خانا قىلىپ بەرگەن.

سىنىپىمىزدا توپ توغرا 40 نەپەر ئوقۇغۇچى بار ئىدى. ئۇلار ساقى ئاخۇنباينىڭ ئابدىقادىر، ئابدىراخمان، ئېسىملىك ئىككى ئوغلى، يۇسۇپ ھاجىمنىڭ مەھەممەتخان، مامۇتخان دېگەن ئوغۇللىرى، شىنجاڭ داشۆنىڭ پېشقەدەم خادىمى ئەمەت ئاخۇن، نەنىمىن خۇسۇسلار ئىگىلىكىدىكى مىللىي شىپاخانىدىكى تېۋىپ غۇپۇر ئاخۇن قاتارلىقلار ئىدى.

بىز مەكتەپكە كىرگەن كۈندىن باشلاپ دەپتەر، قەلەم (روسىيىدە ئىشلەنگەن تىترات دەپتەر ۋە قېرىنـ-داش) لارنى مەكتەپ تارقىتىپ بەردى. مەكتىپىمىزدە

بىراق، بۇ يىللاردا ياڭخاڭدا ئولتۇرۇشلۇق يۈز-
ئابرويلۇق بىر قىسىم ئۆزبېك، تاتار باي سودىگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ چەت ئەل پۇخراسى ئىكەنلىك ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ ياڭخاڭ مەسچىتىدە ئابدىخالىق داموللامنىڭ باشچىلىقىدا بىر سىنىپلىق پەننىي مەكتەپ ئاچتى. بۇ ئىش ئوقۇش ئىشتىياقىدىكى ساۋاقداشلىرىمىزغا تازا ياقتى، بىز بۇ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇدۇق.

بۇ مەكتەپتە ئۆزبېك، تاتار، ئۇيغۇر، قازاق قا-
تارلىق بىر قانچە مىللەت بالىلىرى ئوقۇدى. ئوقۇش شارائىتىمىز ئىلگىرىكىدىن كۆپ ياخشى ئىدى. ئوقۇش ماتېرىياللىرىمىز ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن تاشكەنتتە بېسىلغان ئۆزبېكچە، لاتىنچە ۋە كونا ئۇيغۇر يېزىقىدى-
كى ھەر خىل ئىلغار دەرسلىكلەر بولۇپ، دەرسلىك قول-
لانمىلاردىن باشقا كىتابخانىمىزدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدە نەشر قىلىنغان نەچچە مىڭ پارچە ئىلغار كىتاب-ژۇرنال بار ئىدى.

1920-يىللىرى ئاستىن ئاتۇش تىجەنلىك ئەھمەت ھاجىم دېگەن كىشى ئۈرۈمچى شىخابادا ئۈچ سىنىپلىق پەننىي مەكتەپ ئاچتى. 1925-يىلىنىڭ ئالدى ۋە ئا-
خىرىغىچە ياڭخاڭ مەسچىت ۋە شىخابادىكى مەكتەپ را-
سا گۈللەپ ياشنىدى. بۇ يىللار شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق چوڭ شەھەرلىرىدىن ياۋروپا، ئوتتۇرا شەرققە سودا تى-
جارەت بىلەن بېرىپ مەدەنىيەت ئۆگەنگەن، ئوقۇغان زىيالىيلار ۋە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئوزۇق ئالغان ۋە-

«بىتسۇن - ئۇنتۇلسۇن ئەسكى دۇنيالار،
بەد - بەخت زالىملار دۇنياسى.
بولمىسۇن بىزگە ھېچ پادىشالار،
ئاقمىسۇن ھېچ گىراژدانىنىڭ ياشى.»

بىز بۇ مەكتەپتە ئۈچ يىل ئوقۇدۇق. ئىككىنچى يىلى ئوقۇغۇچىلار سانى 73 كە يەتتى. بۇ سان بەكمۇ ئېنىق ئىسىمدە. ئەمما 3 - يىلى دۇنيادىكى يېڭى سىياسىي ئۆزگىرىشلەر (روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى) دىن قاتتىق چۆچىگەن يالغۇزلىشىدىن مۇستەبىت ھۆكۈمەتنىڭ توسقۇنلۇقى ۋە يەرلىك مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقى تۈپەيلىدىن تەرەققىي قىلالمىدىلا ئەمەس بەلكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى مۇئەللىملىرىمىزنى ئوقۇتۇشتىن چەكلىدى. مەكتەپ تاقىلىپ ئوقۇغۇچىلار تارقىلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇق. لېكىن بىر قانچە كۈن ئۆتمەي مەن ئىككى ساۋاقدىشىم بىلەن نورىدىن ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ساۋاق ئالدىم. بۇنى ئاڭلىغان باشقا ساۋاقداشلارمۇ نورىدىن ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى. نورىدىن ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغۇچى ساۋاقداشلارنىڭ سانى بىر ئايغا يەتمەي 20 دىن ئېشىپ كەتتى. بىزنى ئۆيگە سىغدۇرالماي قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە نورىدىن ئەپەندىنى ئوقۇتۇشتىن چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن يەنىلا قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدۇق.

## پىشقەدەم جامائەت ئەربابى ناسىر بەگ
## ھەسەن ئوغلى

### شېرىپ خۇشتار

پۈتۈن ئۆمرى خەلققە خىزمەت قىلىش بىلەن ئۆتكەن ناسىر بەگ ھەسەن ئوغلى، 1891 - يىلى كۆرلىدا تۇغۇلغان. ئۇ ئائىلە تەربىيىسىنى ئالغاندىن كېيىن دەسلەپ دىنىي مەكتەپتە، كېيىن 1902 - يىلدىن 1908 - يىلغىچە خەنزۇچە شۆتاڭدا ئوقۇغان. ئۇ، كىچىك چىدىنلا كىچىك پېئىل، مۇلايىم، چىقىشقاق ۋە زېرەك بولغاچقا كورلا، قارا شەھەر ئەتراپىدا يۈرۈپ موڭغۇل تىللار بىلەن ھەم سۆھبەت بولۇش جەريانىدا موڭغۇل تىل يېزىقىنى ئۆگىنىۋالىدۇ. ئۇنىڭ خەنزۇ، موڭغۇل ۋە ئۆز يېزىقىنى ئىبارەت ئۈچ خىل تىل يېزىقىنى بىلىشى شۇ زامانىڭ شارائىتىدىن ئېيتقاندا بىر «مۆجىزە» ئىدى. ناسىر ھەسەن ئەشۇ تالانتى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلىدۇ.

ناسىر ھەسەننىڭ خەنزۇ، موڭغۇل تىلىنى بىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان قاراشەھەردىكى موڭغۇل ۋاڭى ناسىر ھەسەنگە يۇقىرى مۇئاش بېرىپ ئۆزىگە تەرجىمان قىلىۋالىدۇ. ئۇ شۇندىن ئېتىبارەن ۋاڭ ئوردىسىدىكى ئور-

تەنپەرۋەرلەر كۆپەيگەن، مەرىپەت دەرۋازىسى ئېچىلغان چاغ ئىدى. بىراق ياڭ زېڭشىن يەنىلا خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ توسقۇنلۇق قىلدى. لېكىن خەلقنىڭ ئىلىم - پەنگە بولغان ئىنتىلىشىنى توسۇپ قالالمىدى. شۇنداقتىمۇ ياڭ زېڭشىندىن ئىبارەت بۇ مۇستەبىت ھەر خىل ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ ئىلغار زىيالىيلارنى چەتكە قاقتى ۋە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلدى. جۈملىدىن نۇرىدىن ئەپەندىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشىغا يول قويمىدى. نۇرىدىن ئەپەندى گۇچۇڭغا بېرىپ يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ ئالتە يىلدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ كۆپلىگەن كىشىلەرنى يېتىشتۈردى. كېيىن ئۇ، ئالتايغا بېرىپ يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ بىر مەزگىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ ئاخىرى شۇ جايدا ۋاپات بولدى.

ئارزۇ - ئارمان بىلەن دۇنيادىن كەتكەن مەرىپەت چىراغلىرى نۇرىدىن ئەپەندى قاتارلىق مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى پەقەت يېڭى دەۋردىلا ئەمەلگە ئېشىپ، 70 يىل ئىلگىرى بىر سىنىپلىق ئۇيغۇر يېڭىچە مەكتىپى دۇنياغا كەلگەن ئۈرۈمچى شەھىرى ھازىر مەرىپەت ئوچىقىغا ئايلىنىپ نەچچە ئون مىڭلىغان ھەر مىللەت پەرزەنتلىرى بىلىم ئالماقتا.

ئۈرۈمچى 1984 - يىل

رەتلىگۈچى: شېرىپ خۇشتار

ناسىر بەگ ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن روزى ھاجىم باشلىق يەرلىك زاتلارنىڭ ئىنقىلابىي پارتىيىنى ئىزلەش ۋە ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشىشتا تەرجىمانلىق، ئالاقىچىلىك رولىنى ئوينايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابىي قوشۇن بىلەن يەرلىك كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىنقىلابىي بىرلىك ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئورنىتىلىدۇ. كېيىن مەركىزىي ھۆكۈمەت ئۈرۈمچىدە قوراللىق قوزغىلاڭ ئۇيۇشتۇرۇش ئۈچۈن ليۇشەنجۇنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىدۇ.

ليۇشەنجۇن 1911 - يىلى 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئۈرۈمچىگە كېلىپ قوزغىلاڭچى قوشۇن تەشكىللەشكە كىرىشىدۇ. ئۈرۈمچىدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۈملىدىن روزى ھاجىم، ساقى ئاخۇنباي، تۇردى ئاخۇن شاڭزۇڭ قاتارلىق كىشىلەر قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن 25 مىڭ سەر ئۆلكە پۇلى ياردەم قىلىدۇ (بۇ ھەقتە مۇشۇ كىتابنىڭ 5 - سانىدا ئالاھىدە توختالىغان). يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئىنقىلابىي پارتىيە بىلەن بولغان مۇشۇ بىر قاتار ئىشلىرىدا ناسىر بەگ ئالاھىدە زور رول ئوينايدۇ.

ليۇشەنجۇن ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن ھەر مىللەت خەلقى ۋە ۋەكىللىرى بىلەن قوزغىلاڭغا جىددىي تەييارلىق كۆرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلىدىكى ئىنقىلابىي پارتىيە ۋە قوراللىق قوشۇننىڭ رەھبىرى ياڭ زەنشۈن بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدۇ. بۇ چاغدا ھەر قايسى جەھەتلەردىكى ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتقان ھالدا

دا ئەمەلدارى بولۇپ ئىشلەيدۇ، كىشلەرمۇ ئۇنى ئەمەل دەرىجىسى بەگ نامى بىلەن ئاتايدۇ.

1910 - يىللىرى چىنگ سۇلالىسى بەربات بولغان، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا چىنگ سۇلالىسىنىڭ چىرىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەش ئەۋجگە چىققان، سۇن جۇڭسەن رەھبەرلىك قىلغان ئۇلۇغ شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ بورانلىرى شىنجاڭغىمۇ يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇرۇمچىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە سودىگەرلىرى چىنگ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى چىرىك ھاكىمىيىتىگە قارشى ھەرىكەتكە كېلىدۇ. ئۇلار ئۇرۇمچىدىكى ھۆكۈمەت ئارمىيىسى ئىچىدە چىنگ سۇلالىسىنىڭ چىرىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تەشكىلاتىنىڭ بارلىقىنى بىلىپمۇ ئۇلار بىلەن ئالاقە باغلاش ۋە تىل مەسىلىسىدە قىيىلىدۇ...

بۇ چاغدا ئۇرۇمچىدىكى سودىگەرلەرنىڭ شاگىرۇتى روزى ھاجىم ئۇنىڭدىن بىر قانچە يىل ئىلگىرى قاراشەھەر موڭغۇل ۋاڭى بىلەن بولغان سۆھبىتىگە (تىجارەت ئىشلىرىدا) تەرجىمانلىق قىلغان ناسىر بەگنى ئەسكە ئېلىپ ئۇنى ئۇرۇمچىگە ئېلىپ كېلىش قارارىغا كېلىدۇ ھەمدە بۇ ئىشنى ئۇرۇمچىدىكى ئۇيغۇر سودىگەرلىرىدىن يۈسۈپ ھاجىم، ساقى ئاخۇنباي، تۇردى ئاخۇن شاگىرۇك، ياڭخاڭدىكى بىر بۆلۈم ئۆزبېك، تاتار مۇتىۋەر سودىگەرلەر ۋە مەرىپەتپەرۋەر زاتلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ناسىر بەگنى 1911 - يىلى ئۇرۇمچىگە ئېلىپ كېلىدۇ.

توگمەنلەرگە يوشۇرۇنۇپ جەڭ قىلىدۇ. ئەنە شۇنداق خەۋپلىك چاغلاردا ناسىربەگ ئۇرۇمچىدىكى يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئىنقىلابىي قوشۇننى قوللاپ ئەۋەتكەن يېمەك-ئىچمەك قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ يەتكۈزۈپ بېرىلىش ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ.

1912 - يىل (مىنگونىڭ 1 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئىلى جۇمھۇرىيەت ئىنقىلابىي غەلبە قىلىپ، ئىنقىلابىي قوشۇن ئۆلكە مەركىزىگە قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ. ئىنقىلابىي قوشۇن جىڭغا كېلىپ ئۇرۇنلاشقاندا ناسىربەگ، ئابلا ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەر ئۈرۈمچىدىكى يەرلىك خەلقنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۇلاردىن ھال سوراشقا بارىدۇ. لېكىن شىخوغا بارغاندا يەن داخۇا (ئۆلكىنىڭ شۇنفۇسى — ھەربىي مەمۇرىي ئەمەلدارى) ئىلى ئارمىيىسىگە قارشى چىقارغان قوشۇننىڭ توسقۇنلۇقى بىلەن شىخودىن قايتىدۇ.

1912 - يىلى 5 - ئايدا، ياڭ زىڭشىن شىنجاڭنىڭ دۇدۇلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئىلى جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى بىلەن 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالاپ جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى يۈرگۈزىدۇ. بۇ چاغدا خەلق سايلىمى بىلەن روزى ھاجىم يىجاڭلىققا سايلىنىدۇ. شۇندىن ئېتىبارەن روزى ھاجىم ناسىربەگنى ئۆزىگە تەرجىمان قىلىپ ئىشلىتىدۇ. بۇ جەرياندا ناسىربەگ ياڭ زىڭشىننىڭ كۆزىگە چېلىقىدۇ - دە، ياڭ زىڭشىن ئۇنى ئۆزىگە تەرجىمان ۋە فۇگۇەن قىلىپ

ئالاقىچىلىككە ناسىربەگ تاللىنىدۇ. ئۇ ئىلىغا ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر مۆتىۋەرلىرىدىن روزى ھاجىم، ساقى ئاخۇنباي، تۇردى ئاخۇن شاگىرتلىرىنىڭ ئىلىدىكى ھۇسەنباي ھاجىم، ياقۇپباي، ھېكىم بەگ ھاجىغا يوللىغان مەكتۇپى ۋە ئاغزاكى تاپىلىغان ئىنقىلابىي پائالىيەتنى قوللاش ھەققىدىكى پىكىر بايانلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ. نەتىجىدە ئىلىدىكى بۇ ئۈچ مەشھۇر زات باشلىق ھەر مىللەت خەلقى ئىنقىلابنى قىزغىن قوللايدۇ ۋە نۇرغۇن ئىقتىسادىي، ماددىي ياردەم بېرىدۇ. ئىلىدىكىلەرنىڭ يالڭ زەنشۈن باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابىي پارتىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە ۋاڭ قادىر (خۇيزۇ) تەرجىمانلىق، ئالاقىچىلىك قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىلى ۋە ئۈرۈمچىدە قوزغىلاڭ باشلىنىدۇ.

ناسىربەگ بۇ قېتىم ئىلىغا بارغاندا ئۈرۈمچىدىكى ئىنقىلابىي پارتىيە بىلەن ئىلىدىكى ئىنقىلابىي پارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىلىدىكى يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئىنقىلابىي پارتىيە بىلەن مۇناسىۋەت باغلىشى ۋە ئىنقىلابنى قوللىشى جەھەتلەردە ئالاھىدە رول ئوينايدۇ.

1911 - يىلى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ئۈرۈمچىدە ليۇشەنجۈن باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان قوزغىلاڭ 30 - چېسلا مەغلۇپ بولىدۇ. ئىنقىلابىي قوشۇن بۇ ئىككى كۈنلۈك ئۇرۇش جەريانىدا ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئارقا قورۇسى ئەتراپىغا جايلاشقان

رىغىچە ئۇرۇمچى تۇسەن گوڭسى (يەرلىك ماللار شىركە-
تى) نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولىدۇ.
1946 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1953 - يىلى 7 - ئاي-
غىچە مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى.
1950 - يىلى 1 - ئايدىن 1955 - يىلى 1 - ئايدا
شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش رەسمىي قۇرۇلغانغا قەدەر
1 - نۆۋەتلىك شەھەرلىك مەسلىھەت كومىتېتىنىڭ مۇئا-
ۋىن رەئىسى بولغان. 1955 - يىلى 11 - ئايدىن ئا-
خىرقى ئۆمرىگىچە (1979 - يىلغىچە) جۇڭگو خەلق سى-
ياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئۇرۇمچى شەھەرلىك 1-، 2-،
3 -، 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بول-
غان. 50 - يىللاردا يەنە شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى-
نىڭ ۋەكىلى، سايلام ھەيئىتى، ئۇرۇمچى شەھەرلىك
خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باش
سودىيە قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.
1962 - يىلى مەرھۇم ناسىربەگنىڭ ئۆز يار- بۇ-
رادەرلىرىدىن شاكىر ئەلەم، تېۋىپ باي ئاخۇن ۋە پەت-
تاخ شەنجاڭ قاتارلىقلار بىلەن بولغان بىر قېتىملىق
شەخسىي سۆھبىتىدە مەنمۇ بىللە بولغانىدىم. بۇ تۆت
تارىخىي شەخس ئۆتمۈش ھەققىدە سۆھبەتلىشىپ سۆز
ناسىربەگكە كەلگەندە، «مەن ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە ھۆ-
كۈمەت ئىشىغا ئارىلاشتىم. ياڭ، جىن، شېڭ، گومىنداڭ-
دىن ئىبارەت تۆت دەۋرنىڭ مۇستەبىت سىياسىتىنى
باشتىن كەچۈردۈم. ئۇنىڭ پۈت - قول چوماقلىرى بولدۇم.

تەيىنلەيدۇ. شۇندىن ئېتىبارەن ناسىر بەگ رەسمىي ھۆ-
كۈمەت خىزمىتىنى ئىشلەشكە كىرىشىدۇ.

1912 - يىلدىن 1928 - يىلغىچە شىنجاڭ ئۆلكە-
لىك يېخۇيدا ئىش بېجىرگۈچى، ۋەيۋۇەنجاڭ، مەسلىھەت-
چى قوشۇمچە يېخۇي تەرجىمانى بولىدۇ. كېيىن ئۇ
ياڭ زېڭشىنىڭ فۇگۇەنجۇ (ئادۇيتانتلار باشقارمىسى)
ۋە مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىدا ئىشلەيدۇ.

1928 - يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ياڭ زېڭشىن
ئۆلتۈرۈلۈپ جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن،
1933 - يىلغىچە جىن شۇرېنغا فۇگۇەن، ئۆلكىلىك ھۆ-
كۈمەتتە مەسلىھەتچى قوشۇمچە تەرجىمان بولۇپ ئىشلەيدۇ.

ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن 1933 - يىلىنىڭ كې-
يىنكى يېرىمىدا شېڭ شىسەي تولۇق ھوقۇق ئىگىلىگەن-
دىن كېيىن، 1938 - يىلغىچە شېڭ شىسەيگە شياۋشاۋ
(فۇ تۇەنجاڭ) دەرىجىلىك فۇگۇەن بولۇپ، كېيىن جۇڭ-
شاۋ، شاڭشاۋلىققا ئۆستۈرۈلىدۇ.

1938 - يىلدىن 1939 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىن-
جاڭ مۇسادىرە ھەيئىتىدە ھەيئەت بولىدۇ. 1940 - يىل-
دىن 1941 - يىلغىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا باشلىقى
ۋە ئاتالمىش مۇسادىرىنى قايتۇرۇش ھەيئىتىدە ئىشلەيدۇ.

1941 - يىلىنىڭ ئاخىرى قولغا ئېلىنىپ 1945 -
يىلغىچە شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە ياتىدۇ. ۋۇجوڭشىن
ئۆلكە رەئىسى بولغاندىن كېيىن، سىياسىي جىنايەتچىلەر
قاتارىدا تۈرمىدىن بوشىتىلىپ 1946 - يىلىنىڭ ئاخى-

ناسىربەگ 1979 - يىلى ئۈرۈمچىدە ياشانغانلىق ۋەكىسەل سەۋەبى بىلەن 88 يېشىدا ۋاپات بولدى. مەرھۇمنىڭ جەمئىيەتتى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ۋە جامائەتچىلىكنىڭ زور قايغۇسى ئىچىدە ئەلدىن ئايرىلدى. لېكىن ئۇنىڭ مۇلايىم، ئىللىق پەزىلىتى ئاممىسى ئىچىدە زور تەسىر كۆرسىتىپ قالدى.

بۇ ماقالە، 1962 - يىلى ناسىربەگ بىلەن بولغان سۆھبەت ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ قولىدا قالغان مەرھۇمنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسەن رەتلەندى.

1985 - يىلى يېزىلىپ 90 - يىلى قايتا رەتلەندى.

بۇ دەۋىرنىڭ ماڭا تاپشۇرغان ۋەزىپىسىنى قىلماي بولمىدى. لېكىن خەلق ۋە ئادالەت تەرەپتە تۇرۇشنى ئادەت قىلدىم. خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق، بيۇروكراتلىقتەك يامان ئىللەتلەرنى ئۆزۈمگە يۇقتۇرمىدىم. شۇڭا مەن ئارىلاشقان ياش زىڭشىن بىلەن تۆمۈر خەلپە سۆھبىتى، جىن شۇرىن بىلەن خوجىنىياز ھاجىم ئوتتۇرىسىدىكى ۋە شېڭ شىسەي بىلەن خوجىنىياز ھاجىم ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت، كېلىشىملەردە ئۇنداق ياكى مۇنداق بولۇۋالمىدىم، ۋەزىپە ئۆتىدىم. ئەمما كىشىلەر بىلەن بولغان ئىنسانى مۇئامىلىنى بىرىنچى دەپ بىلدىم. ئازادلىقتىن كېيىن يەنىلا چوڭ ـ چوڭ ۋەزىپىلەردە بولدۇم. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى بىجانىدىل بېجىردىم. ھال ئەھۋال ئېيتقان كىشىلەرنىڭ ھالىغا يەتتىم. دېمەك ئۆمرۈم بويى ئامما بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ ھەممىنى تەڭ رازى قىلدىم. شۇڭا ئاللاھىدە تاللانت ۋە تەبىرلىك بولمىساممۇ ھەر قايسى دەۋىرنىڭ تەلىپىدىن چىقتىم.» دېگەن ئىدى.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى ناسىربەگ ئۆز ھاياتىدا دەۋرىمىز بىلەن بەش دەۋىرگە خىزمەت قىلىش جەريانىدا نۇرغۇنلىغان ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن، كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى بىلىدىغان، تەجرىبىلىك، خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياققان جامائەت ئەربابى، ئەپسۇسكى كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ بىلەن تولۇقراق سۆھبەتتە بولۇپ ئۇنىڭ ھاياتىدىن خاتىرە قالدۇرالمىدۇق.

پارلاق ئوبرازى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى، بو-
لۇپمۇ كەڭ ياشلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە مۇھەببىتىگە سازاۋەر
بولدى. گەرچە ئۇلارنىڭ جىسمى شىبىڭ شىمەيي ۋە گو-
مىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان
بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي غايىسى ۋە ئۆچ-
مەس تۆھپىلىرى تىيانشاننىڭ قارىغىيىدەك مەڭگۈ يا-
شىرىپ تۇرىدۇ.

بۇ تۆت نەپەر ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ تۆھپىلىرىنى
تەقدىرلەش يۈزىسىدىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون-
لۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1956 - يىلى 8 - ئايدا، 23
ياشلىق يولداش لۇتپۇللا مۇتەللىپنى؛ 1985 - يىلى
12 - ئايدا، 22 ياشلىق يولداش چاۋگورىن بىلەن
24 ياشلىق يولداش تيەن يۈيگۈينى، 1987 - يىلى 5 -
ئايدا، 27 ياشلىق يولداش داڭ گۈنى ئىنقىلابىي قۇر-
بان دەپ تونۇشنى رەسمىي قارار قىلدى.

## ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىش ئىزلىرى سەھىپىسى

تەھرىر ئىلاۋىسى: ياش ئەۋلادلارغا ئىنقىلابىي غا-
يە ۋە ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ئۈ-
چۈن، بىز ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى
تۈزۈپ نەشىر قىلدۇرغان «شىنجاڭ ئىنقىلابىي قۇربانلار
تەرجىمىھالى» ۋە «شىنجاڭ ئىنقىلابىي قۇربانلار تەرجىمە-
ھالى خەۋىرى» دىن ل. مۇتەللىپ، چاۋگورىن، تيەن
يۈيگۈي، داڭ گۇدىن ئىبارەت تۆت نەپەر ئىنقىلابىي
قۇرباننىڭ ئىش ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان ماقالىنى تال-
لاپ بۇ سانغا كىرگۈزدۇق. بۇ تۆت نەپەر ئىنقىلابىي
قۇربان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە
شىنجاڭ شۆيۈەن ۋە شىنجاڭ سىفەن مەكتىپىدە ئوقۇپ،
ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلەۋاتقان كومپار-
تىيە ئەزالىرىنىڭ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشى ئارقىسىدا
ئۆزلىرىدە مۇستەھكەم كوممۇنىزم ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك غا-
يىسىنى تىكلەپ، جاپاغا چىداپ ئۆگىنىپ، تىرىشىپ
ئىشلەپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى تەشە-
ۋىق قىلىش ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا
ياردەم بېرىش جەھەتلەردە دەۋرگە مۇناسىپ تۆھپىلەر-
نى قوشتى؛ دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ

لۇتپۇللا كىچىكىدىن تارتىپلا ئاپىسى ۋە ئاچىلىرى بىلەن ئېتىزدا باشاق تېرىدىدۇ، قوي باقتىدۇ. ئاشۇ جاپالىق يىللاردا ئۇ كۆپ قېتىم ئاپىسىنىڭ يېشىنى سۈرتىدۇ، ئاچىسىنىڭ تىكەن كىرىپ زەخىملەنگەن پۇتلىرىنى تاڭىدۇ، كەمبەغەللەرنىڭ تاياق زەربىسىگە ۋە ھاقارەتكە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئائىلىسى گەرچە كەمبەغەل بولسىمۇ، دادىسى بالىلارنى ئوقۇشسىز قويمىغان. لۇتپۇللا ئوقۇش يېشىغا توشقاندا دادىسى ئۇنى تاتار باشلانغۇچ مەكتىپىگە بېرىدۇ.

ئۇ، ئائىلىسىنىڭ كەمبەغەللىكىنى، ئاپىسىنىڭ ھەددىدىن زىيادە ھېرىپ-چارچايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئاپىسىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ھالسىزلىنىپ جۈدەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىچى ئېچىشاتتى. ئۇ، ئاپامنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرەلمىسەممۇ، ھېچ بولمىغاندا ئۇنى ئاۋارە قىلماي، دەپ ئويلاپ، كىيىملىرىنى ئۆزى يۇياتتى. بەزى ئالدىراشلىقتىن يۇيۇشقا چولىسى تەگمىسە، كىر كىيىمىنى كىگىزنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قوياتتى. بىر قېتىم ئۇنىڭ توي قىلىپ چىقىپ كەتكەن ئاچىسى قايتىپ كېلىپ، كىر كىيىملىرىنى كۆرۈپ قالىدۇ-دە، ئۇنى پاكىز يۇيۇپ قويىدۇ. لۇتپۇللا ئۆيگە كېلىپ، كىيىمىنىڭ يۇيۇپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ. ئاپىسىدىن ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىدۇ ۋە:

# قاراڭغۇ زۇلمەتنى يورۇتقان نۇرلۇق يۇلتۇز

ئۇيغۇر شائىرى، ئىنقىلابىي قۇربان لۇتپۇللا مۇتەللىپ توغرىسىدا

لىيۇ شاۋۇ

لۇتپۇللا مۇتەللىپ — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلى، شائىر ۋە ئىنقىلابچى. ئۇ تولۇپ تاشقان ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى بىلەن ياپونغا قارشى مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىنى، بولۇپمۇ، دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى مەدھىيىلىگەن. قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئورتاق دۈشمىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن تىز پۈكمەي كۈرەش قىلغان. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بۇ تالانتلىق شائىرى 1945 - يىلى 23 يېشىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بىراق ئۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى.

## 1

## ئۆسمۈرلۈك دەۋر

لۇتپۇللا مۇتەللىپ، 1922 - يىلى ئىلىقا ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. دادىسى كەمبەغەل ئىمام بولۇپ، باللىق ئادەم ئىدى.

ئۆيدە خېلى كەچ بولغىچە ئولتۇردۇ. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان چوڭ ئاچىسى ئۇنىڭدىن نېمىشقا كەتمەي ئولتۇرغانلىقىنى قايتا - قايتا سوراۋەرگەندىن كېيىن، ئۇ:

— ئاچاملار بىزنىڭ ئۆيدە، ئۇلارنى كۆرسەملا ئاچچىقىم كېلىپ قالىدۇ. شۇڭا بىردەم ئولتۇرۇپ كېتەي، — دەيدۇ.

باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، لۇتپۇللا غۇلجا شەھىرىدىكى رۇس گىمنازىيىسىگە ئىمتىھان بېرىپ كىرىدۇ. بۇ يەردە ئۇ رۇسچىنى ئۆگىنىۋالىدۇ، پۇشكىن، گوركىي، ماياكوۋىسكىي قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىياتقا تېخىمۇ قىزغىن ئىشتىياق باغلايدۇ.

2

## ئۈرۈمچىدە

1939 - يىلى جۇڭگونىڭ كەڭ زېمىنى ياپون فاشىستلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا دەپسەندە بولۇۋاتقان، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ياپون تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن كەسكىن ئېلىشىۋاتقان چاغ ئىدى. شۇ يىلى لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كىرىدۇ. بۇ، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ باھارى، ئۆز تالانتىدىن گۈللەر ئېچىلدۇرۇۋاتقان چاغلىرى ئىدى. مۇشۇ مەزگىلدە ئۇ «جۇڭگو»، «مۇھەببەت

— ئاچا، بۇندىن كېيىن ئۇنداق قىلما، سىلەرمۇ كەمبەغەل،ۋاقتىڭلارمۇ يوق، — دەيدۇ-دە، يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىپ ئاچىسىغا تۇتقۇزۇپ:

— كىر يۇيۇشقا سوپۇن ئالغانسەن؟ — دەيدۇ.

ئاچىسى كۈلۈپ كېتىپ:

— ماۋۇ بالىغا قاراڭلار، دادام خەجلەشكە بەرگەن پۇلنى ماڭا بەرگىنىڭ نېمىسى، چاپسان يېنىڭغا سال، — دەيدۇ. لۇتپۇللا بېشىنى چايقاپ:

— بۇ، دادام بەرگەن پۇل ئەمەس، گېزىتخانىدىن ئەۋەتكەن پۇل، — دەيدۇ. ئەسلىدە ئۇ شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن ۋە يازغان شېئىرى ئىلى دەرياسى گېزىتىگە بېسىلغانىدى. بۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 16 ياشتا ئىدى.

ئۇنىڭ ئائىلىسى كەمبەغەل بولسىمۇ، تۇغقانلىرى ئارىسىدا ئۇنىڭ ئوقۇشىغا ياردەم بېرەلەيدىغانلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. لۇتپۇللانىڭ 2-ئاچىسى بىر باي دېھقان ئائىلىسىگە ياتلىق قىلىنغان. ئاچىسى ھەمىشە ئاپىسىغا ئۇكامغا پۇل، ئاشلىق بىر نەرسىلەر لازىم بولسا، ماڭا دەڭلار، ئۇنىچىلىك ئىش قولۇمدىن كېلىدۇ، دەيتتى. لېكىن لۇتپۇللا ئۇنداق نەرسىلەرنى سوراش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇلارنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم قويۇشنىمۇ خالىمايتتى. بىر قېتىم ئۇ مەكتەپتىن كەچ قايتىپ، ھويلىغا كىرىشكە ئۆيدىن 2-ئاچىسى ۋە ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆيگە كىرمەي چوڭ ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىدۇ. چوڭ ئاچىسىنىڭ

تىنى ئىنتايىن ئالدىراش قىلىۋېتىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە
ئۇنىڭ كونا ساۋاقداشلىرى ئەينى چاغلاردىكى ئىشلارنى
ئەسلەپ:

— ئۇنىڭ نېمىگە شۇنچە ئالدىرايدىغانلىقىنى بىلـ
مەيتتۇق، سىنىپتىن چىقىپلا پەلەمپەي بىلەن چۈشۈشنى
ئاستا كۆرۈپ، تۇتقۇچقا ئېسىلاتتى-دە، سىيرىلىپ چۈشەتـ
تى... بىردەمدىلا قارىسىڭىزمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇنىـ
تېپىشقا توغرا كەلسە، ياخشىسى جامائەت سورۇنلىرىغا
باراتتۇق. نەدە ئادەم كۆپ بولسا، ئۇ شۇ يەردە بولاتـ
تى. ئۇ يا لېكسىيە سۆزلەۋاتقان، يا شېئىر دېكلاماتسىـ
يە قىلىۋاتقان، يا بولمىسا ناخشا ئېيتىۋاتقان بولاتتى.
ئۇ ئادەتتە يول يۈرگەندىمۇ ياپونغا قارشى ناخشىلارنى
ئېيتىپ ماڭاتتى ... ، دەيدۇ.

لۇتپۇللا ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندىكى ئوقۇشىنى
تۈگەتمەيلا، شىنجاڭ گېزىتخانىسىغا ئىشقا كىرىدۇ.
بۇ چاغدا جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى پارتلايدۇ. گومىنـ
داڭ كومپارتىيىگە، خەلققە قارشى تۇرۇشتا تېخىمۇ غالـ
جىرلىشىدۇ. گومىنداڭ ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرىنىڭ
كاتتىباشلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى شىنجاڭغا كېـ
لىدۇ. شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ رەزىل ئەپتى-بەشىرىسىنى
ئاشكارىلاپ بىر قاتار قانلىق ۋەقەلەرنى پەيدا قىلىدۇ.
شىنجاڭ زېمىنىدا ھەربىي گازارما، قورغانلار ئۈستى-ئۈسـ
تىلەپ پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. ھەر بىر ناھىيىدە گو-
مىنداڭنىڭ ناھىيىلىك بۆلۈملىرى قۇرۇلىدۇ، يېزا، باـ

ۋە نەپرەت»، «ماي ــ كۈرەشچان ئاي»، «ئۆچمەس ھەسەن-
ھۈسەن»، «تۈن يېرىپ ئىزلار باسقاندا»، «ئازادلىق
ئۇرۇشقا»، «ئۇلۇغ كۈرەش قوينىدا» قاتارلىق شېئىرلارنى
ۋە «پارتىزان قىزى»، «چىمەن ۋە پالۋان»، «بوراندىن
كېيىنكى ئاپتاپ»، «سامساق ئاكاك قاينايدۇ» قاتارلىق
سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىپ چىقىدۇ. بۇ ئەسەرلەردە ئۇ-
لۇغ ۋەتەن، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ جەڭگىۋار دوستلۇ-
قى مەدھىيىلىنىدۇ.

ئەينى يىللاردا جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدى-
كى ياپونغا قارشى مىللىي ئازادلىق ئۇرۇش پۈتۈن مەم-
لىكەت خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنلىكتىن، بۇ داغ-
دۇغۇلۇق ئىنقىلاب دولقۇنى شىنجاڭدىكى باندىت شېڭشى-
سەينى ئىلغارلىقنى ياقلاشقا، كومپارتىيىنىڭ شىنجاڭدا
پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا يول قويۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچى سىياسىي ۋە مەدەنىيەت پائال-
يەتلىرى مەركىزىگە ئايلىنىدۇ. لۇتپۇللا ئوقۇۋاتقان ئۆل-
كىلىك دارىلمۇئەللىمىنىڭ مۇدىرى شۇنىڭدەك ئۇ كې-
يىنچە خىزمەت قىلغان شىنجاڭ گېزىتخانىسىنىڭ باشلى-
قى كومپارتىيە ئەزالىرى ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئو-
قۇپ كەلگەنلەرمۇ ياشلارغا نۇرغۇن تەربىيە خىزمەتلىرى-
نى ئىشلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا دۆلەت ئىچىدىكى نۇر-
غۇن ئىلغار زاتلارمۇ شىنجاڭغا كېلىدۇ. نەتىجىدە ئىلغار
مەدەنىيەت ھەركەتلىرى جۇش ئۇرۇپ قانات يايىدۇ.
مانا شۇنداق شارائىت لۇتپۇللانىڭ تۇرمۇش ۋە خىزمى-

قېرىتمەن دەپ ئارتۇق كۆڭۈل بۆلمە،
ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلۇمنى.
.................................

ئىنقىلاب مەشئىلى لاۋۇلداپ يانىدۇ. گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر ھەممىلا جاينى قاپلايدۇ. بولۇپمۇ، تەگرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى ئۈرۈمچىدىن ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايغىچە بولغان جايلاردىكى شەھەر، يېزىلار ياكى يايلاقلاردا، پۈتكۈل جۇڭغار ئويمانلىقىدا كىشىلەر كۈرەشكە تەييارلىنىدۇ. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىرى قوقاستا دەسسىۋالغاندەك ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە تېخىمۇ ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدۇ ۋە ئۇلاردىن ئۆلگىدەك قورقىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە لۇتپۇللا ئۇلارنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بولۇپ، گېزىت چىقىرىش باھانىسى بىلەن ئۇنى 1944 - يىلى ئەتىيازدا ئاقسۇغا يۆتكەيدۇ.

3

### «يۇلغۇنلۇقتا»

لۇتپۇللا ئاقسۇغا كېلىپ يېڭى تۇرمۇشنى باشلايدۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يېڭى مەنزىرە نامايەن بولىدۇ. بۇندىن ئىلگىرى لۇتپۇللا ئەمگەكچى خەلقنى كىتاب يۈزىدىلا چۈشەنگەن بولسا، ئەمدىلىكتە خەلق بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىپ، خەلق تۇرمۇشىنى ئۆگىنىدۇ، خەلقنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتىنى چۈشىنىدۇ. ئاقسۇغا كېلىپ ئۇزۇن

زارلاردا گومىنداڭنىڭ ئىشپيون، جاسۇسلىرى قۇرتتەك يامراپ كېتىدۇ.

مانا شۇنداق يەر-جاھاننى زۇلمەت قاپلىغان، جياڭجېشى باندىتلىرى قانلىق ھۆكۈمرانلىقنى جىددىيلەشتۈرگەن كۈنلەردە، لۇتپۇللا چەكسىز غەزەپ-نەپرىتىنى ئىزھار قىلىپ «يىللارغا جاۋاب» شېئىرىنى يېزىپ چىقىدۇ. «يىللارغا جاۋاب» شائىرنىڭ جەڭگىۋار قەسىمى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارىتىلغان ئۇرۇش خىتابى. ئۇ ئۆز شېئىرىدا خەلققە، قۇربان بولغان ئۇستازلىرى ۋە دوستلىرىغا ئۆزىنىڭ ئاخىرغىچە جەڭ قىلىدىغانلىقى، ھەرگىز تىز پۈكمەيدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم قىلىدۇ:

........

قېرىماسەن كۈرەشنىڭ كەسكىن چېغىدا،
شېئىرىم يۇلتۇز بولۇپ يانار ئالدىمدا.
ئۆلۈم پەستە قېلىش كۈرەشنىڭ كەسكىن تېغىدا،
چىدام، غەيرەتنىڭ يەڭگىنى ھەردەم يادىمدا.
ئېسىلارمەن مىلتىق ئېتىپ تاۋلانغان قولغا،
يېپىشارمەن بايراق بىلەن ئالغا ئاتلىغان يولغا؛
كۈرەش باياۋىنىدا ھارماسمەن ئەسلا،
يېڭىش بىلەن كېلىپ چىقىمىز كەڭ غالىب يولغا.
يىللار، ھەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلمە،
ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرۈمەن ئۆلۈمنى؛

— تاغا، ناخشىڭىزنىڭ پەيزى بارغۇ! ھارۇنىڭىزنى نېمشكە مايلىۋالمايسىز ياكى ناخشىغا جور قىلاي دەمسىز؟ — دەيدۇ.

ھارۇنكەش ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ:

— ئەپەندىم، نېمە دېگۈلۈك، ھازىر كانايىنى مايلايدىغانلارغا ماي يىرق، سونايغا نەدە، دېگەندەك گالغا يەيدىغانلارغا ماي يوق، ھارۇۋا مايلايدىغانلارغا ماي نەدە تۇرۇپتۇ، ماۋۇنىڭغا قارىسىلا، — دەيدۇ - دە، يېڭىنى قايرىپ قورۇق قاقشال بولۇپ كەتكەن بىلىكىنى كۆرسىتىدۇ ۋە:

— سىلى ئاقسۇغا بېرىپ باقمىغان ئوخشىمامىلا؟ ئۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرسىلا بىلىپ قالىلا. ئاقسۇ خەلقى ناخشىغا ھېرىس، ھارۇلىرى ئۇنىڭغا تەڭكەش دېسە، — دەيدۇ.

— ئۇنداقتا سىلەردىكى مايچۇ، — دەيدۇ لۇتپۇللا ھارۇكەشنىڭ سۆزىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي.

— مايىمىزنىڭ ھەممىسىنى چايانلار يەپ تۈگەتتى، — دەيدۇ ھارۇنكەش قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ. كالا ئېغىر قەدەم تاشلاپ قوزغىلىدۇ. لۇتپۇللا ھارۇنىڭ شوتىسىغا ئېسىلغىنىچە، ئالدىراپ سورايدۇ:

— تاغا، نېمە دەيلا؟

— نېمە دەيتتىم، ئەپەندىم، ئۇزاقراق تۇرسىلا ئۆزلىرى بىلىپ قالىلا.

ئۆتمەي، لـۇتپۇللا ئـۆزى ئىشلەۋاتقان ئـاقسۇ گېزىتىدە «يۇلغۇنلۇقتا» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنى ئېلان قىلىدۇ. بۇنىڭدا مۇنداق ۋەقەلىك بايان قىلىنغان: ئۇرۇمچىدىن ئاقسۇغا كېلىش سەپىرىدە بىر يـۇلغۇنلۇققا كەلگەندە ئۇلار چۈشكەن ماشىنىدىن چاتاق چىقىدۇ. ئۇ باشقا يو-لۇچىلار بىلەن قۇملۇقتا سۈپ - سۈزۈك ئاسمانغا قاراپ يېتىپ، بىپايان ۋە كۆركەم تەبىئەت مەنزىرىسىنى تاما-شا قىلىۋاتقاندا يىراقتىن غىچىر - غىچىر قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. ئۇلار قايرىلىپ بىر كالا ھارۋىسىنىڭ كېلى-ۋاتقانلىقىنى، ھارۋىدا يۇك كۆپ بولمىسىمۇ قېرى كالى-نىڭ تۇمشۇقى يەرگە تـەككىدەك بـولۇپ، ئېغىر قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. ھارۋىكەش قامچىسىنى ئاندا - ساندا پۇلاڭلىتىپ، بوغۇق ئاۋازى بىلەن ھار-ۋىكەش ناخشىسىنى ئېيتىپ ئولتۇراتتى. لۇتپۇللا يۈگرەپ يولغا چىقىپ قارايدۇ - دە، ھاڭ - تاڭ قالىدۇ. بۇنىڭ قەيىرىنى ھارۋا دېگىلى بولسۇن؟ ھارۋىنىڭ چاقى ماي-ماق كەتكەن، بىر نەچچە شادىسى سۇنۇپ ئارغامچا بى-لەن باغلاپ قويۇلغان. ئارغامچا شېغىللىق يولغا قانداق چىدىسۇن؟ ھارۋا خۇددى يەنە ئازراق ماڭسىلا پارچە-پارچە بولۇپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇزۇندىن بۇ-يان ماي كۆرمىگەنلىكتىن بولسا كېرەك، ھارۋىدىن ئۇ-زۇلمەي غىچىرلىغان ئاۋاز ئاڭلىناتتى. لۇتپۇللا بۇ ئەھ-ۋالنى كۆرۈپ، — بۇ ئادەم نېمانچە ھورۇندۇ، دەپ ئويلاپ، ئۇنى گەپكە سالماق بولۇپ:

ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى گېزىتخانا باشلىقىنىڭ ئاش - تامىقىغا قاراشسا، بەزىلىرى كىر - قاتلىرىنى يۇياتتى. گېزىتخانا باشلىقىنىڭ خانىمى سىرتقا چىقىپ كەتكۈدەك بولسا، يېرىم كېچىدە پانۇس كۆتۈرۈپ ئالدىغا چىقاتتى. ئاقسۇدا مۇشۇ بىرلا زاۋۇت بولغاچقا، ئىشچىلارمۇ نېرى - بېرىسىنى ئېلىمايلا تۇرمۇش دېگەن مۇشۇنداق ئوخشايدۇ، دەپ يۈرۈۋېرەتتى.

لۇتپۇللا كەلگەندىن كېيىن ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. گېزىتخانا باشلىقىنىڭ رازى بولۇش - بولماسلىقىغا قارىماي، ئىشچىلارغا مەشغۇلات ۋاقتىنى، خىزمەت ۋاقتىنى بېكىتتى. شۇنىڭدەك خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىتلارنىڭ ئىشچىلارنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ھېچكىمنىڭ ئىگىلىۋېلىش ھوقۇقى يوقلۇقىنى بەلگىلىدى.

ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن لۇتپۇللا باسما زاۋۇت قورۇسىغا كېلىپ ئىشچىلارغا:

- ئادەم ئىشلەشنىلا بىلىپ، ئويناشنى بىلمىسە قانداق بولىدۇ، - دەيتتى. ئۇ، ئۆزى قول سېلىپ ياغاچلارنى ئوشلاپ، ئىشچىلار بىلەن بىرلىكتە «گەرەتكە①» ئويناتتى. گېزىتتىن ئېشىپ قالغان قەغەزلەرنى چاپلاپ قارت ياساپ ئىشچىلار بىلەن بىللە ئويناتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن زاۋۇتتا كۈلكە ئاۋازى ياڭرىدى. كەچ

---

① ئويۇننىڭ بىر تۈرى.

— ئۇنداقتا ئۆزلىرىنىڭ سەپىرى قاياققا؟ —

— شەھەرگە، يامۇلغا لەڭ تاپشۇرغىلى كېتىۋاتىمەن. بۇ كۈنلەردە يامۇلنىڭ چىقىمى كۆپىيىپ كەتتى، ئانچە-مۇنچە ھە-ھۇ دېيىشمىسەك بولامدۇ...، — دەيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئارتۇق سۆزلەپ قويغانلىقىنى سەزگەندەك كالىغا قامچا ئۇرىدۇ. يولدا غىچىر-غىچىر قىلغان ئاۋاز يەنە ئاڭلىنىپ، ھېلىقى ناخشا يەنە ياڭراشقا باشلايدۇ.

4

## ئىشچىلار بىلەن

ئاقسۇ گېزىتخانىسىنىڭ بىر باسما زاۋۇتى بولۇپ، ئۇنىڭدا قول بىلەن ئايلاندۇرىدىغان باسما ماشىنىسىدىن بىرى، ئۇن نەچچە ئىشچى بار ئىدى. ئاقسۇ بويىچە بۇ بىردىنبىر زاۋۇت ئىدى. بۇ زاۋۇتنى قۇرىدىغان چاغدا، ئىشچىلىققا ھەم كەمبەغەل، ھەم ساۋاتلىق كىشىلەرنى ئېلىشقا توغرا كەلگەن. چۈنكى بۇ ئىشنى كەمبەغەللەر ئىشلىمىسە باشقىلار ئىشلەشنى خالىمايتتى، ساۋاتسىزلار بولسا بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايتتى. بۇ چاغدا گېزىتخانا باشلىقىنىڭ يادىغا دارلىتام كەلدى. ئۇ يەردە ھېچقانداق يۆلەنچۈكى يوق باشپاناھسىز بالىدىن ئون نەچچىنى ئىشچىلىققا ئالدى. گېزىتخانا باشلىقى ئۇلارغا:

— مۇشۇ يەر ئۆيۈڭلەر بولسۇن، مەن سىلەرگە دادا بولاي، — دېدى.

ئۇستەلدە تۇرغان بىر پارچە رەسىمگە چۈشىدۇ. قارىماققا
رەسىمدىكى قاپقارا، قويۇق بۇرۇتلۇق، كۆزلىرى ئوتلۇق
بۇ كىشى ناھايىتى سەمىمىي، خۇشپېئىل كۆرۈنەتتى. ھو-
شۇر زايىت ھەر قانچە ئويلاپمۇ، ئۇ كىشىنىڭ كىملى-
كىنى بىلەلمىدى.

لۇتپۇللا ئۇنىڭ رەسىمگە سىنچىلاپ قاراپ كەت-
كەنلىكىنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

— ئۇنى مەن سىزغان. قانداقراق بوپتۇ؟ — دەپ
سورايدۇ.

ھوشۇر زايىت بېشىنى لىڭشىتىپ:

— ئۇنى ئوبدان سىزىپسىز. سىزىپ نېمە قىلاتتى-
ڭىز؟ — دەيدۇ.

— بۇنىڭغا نېمە دېسەم بولار. مېنىڭچە بۇنىڭ
پايدىسى كۆپ، — دەيدۇ لۇتپۇللا قولىدىكى گىرىلىكىنى
پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ، — مەسىلەن، سىزنى ئالساق، ناۋادا
ئۇ مۇشۇ يەردە بولغان بولسا، سىزمۇ ئاغرىپ قالمىغان
بولاتتىڭىز، — دەيدۇ.

ھوشۇر زايىت لۇتپۇللانىڭ كېپىنىڭ تېگىگە يېتەل-
مەي، كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە بىردە رەسىمگە، بىردە
لۇتپۇللاغا قاراپ، ھەيرانلىق بىلەن:

— ئۇ دوختۇرمۇ؟ — دەپ سورايدۇ.

لۇتپۇللا كۈلۈپ كېتىدۇ - دە:

— ھەئە، سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك ئۇ دوختۇر، ئۇ،
پۈتۈن دۇنيادىكى كېسەللىك، ئازاب، پاسكىنىچىلىق،

كىرىش بىلەنلا ئىشچىلار لۇتپۇللانىڭ ئۆيىگە (ئۇ چاغلاردا لۇتپۇللا مېھرىخان ئىسىملىك بىر موماينىڭ ئۆيىدە تۇرغانىدى) يۈگرەيتتى. ئۆيدە سۆزلىشىۋاتقان، كۈلۈشۈۋاتقان، ھېكايە، ناخشا ئېيتىۋاتقان ئاۋاز ئۈزۈلمەيتتى. ئۇلار ئۇسسىسا ئۆزلىرى چاي قاينىتىپ ئىچەتتى، قوغۇن - تاۋۇز يىگۈسى كەلسە پۇل يىغىش قىلىپ ئېلىپ يەتتى. ئىشچىلار بۇ ئۆيگە بەك ئامراق ئىدى.

ئاي نۇرى ئەتراپقا يېقىملىق نۇر چېچىۋاتقان، كەچكى سەلكىن شامال تېرەك يوپۇرماقلىرىنى لەرزان شىلدىرلىتىۋاتقان بىر ئاخشىمى لۇتپۇللا گېزىتخانىدىن چىقىشىغا ئاي يورۇقىدا ئۇدۇلىدىن بىرسىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. يېقىن كېلىپ قاراپ ئۇنىڭ ئىشچى ھوشۇر زايىت ئىكەنلىكىنى تونۇيدۇ. ئۇ لۇتپۇللانى كۆرۈش بىلەنلا چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ:

— تازا نەس باستى - دە! ئاغرىپ قېلىپ دوختۇرخانىغا بارسام، دوختۇرخانىمۇ تاقىلىپ قاپتۇ، — دەيدۇ.

— نەرىڭىز ئاغرىپ قېلىۋىدى، دەپ سورايدۇ لۇتپۇللا.

— قورسۇقۇم.

— ئۇنداقتا، دوختۇرخانىغا بېرىشىنىڭ ھاجىتى يوق، مەندە گىرىلكا بار، قويۇپ باقايلى.

ئۆي ئىچى قاپقاراڭغۇ بولۇپ، لۇتپۇللا سەرەڭگە چېقىپ چىراغنى ياندۇرىدۇ. ھوشۇر زايىتنىڭ كۆزى

ئۆستەڭنىڭ تېگى قاتتىق،
چاپسا كەتمەن ئۆتمەيدۇ.
زالىم تۇغچى بەگلەر،
بېشىمىزدىن كەتمەيدۇ.

ئۆستەڭنى چېپىۋېرىپ،
كەتمەن قايرىلىپ كەتتى.
كەمبەغەل ھاشار بىلەن،
ئۆيدىن ئايرىلىپ كەتتى.

دەريانىڭ سۈيى تاشسا،
توختى ئاتلىقنى تاشلايدۇ.
بۇ ھالنى كۆرۈپ ھاشار،
خۇدايىمغا يىغلايدۇ.

ناخشا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەنسېرى تېخىمۇ مۇڭلۇق، تېخىمۇ ئېچىنىشلىق تۈس ئالدى. ئېيتا - ئېيتا قېرى ساتىراش ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى، قولىمۇ دۇتار تارلىرىنى چېرتىشتىن توختىدى.

لۇتپۇللا ئۆزىنىڭ چاچ ياسىتىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى - دە:

— ئېيتمامسىز، بوۋا، توختاپ قالدىڭىزغۇ، ئېيتىڭ! دەپ ۋاقىراپ تاشلىدى.

قېرى ساتىراش ئېغىر خۇرسىنىپ تۇرۇپ:

— ھەي ... قېرىدۇق، ئەمدى خەقلەرگە ياققۇدەك ئېيتالمايدىغان بوپقالدۇق، — دېدى.

قارىغۇلۇقلارنى ئوڭشايدىغان دوختۇر. ئۇ، ئىنسانلارنى مەڭگۈ ساغلام، بەختلىك ياشىسۇن، بارلىق ئەسكىلەر-نىڭ تۇخۇمى قۇرۇسۇن، دەيدۇ. بۇرادەر، سىزچە بۇنداق دوختۇر ياخشى ئەمەسمۇ؟ — دەيدۇ.

ھوشۇر زايىت سەمىمىيلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىدۇ.

لۇتپۇللا تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ تەلەپپۇزدا:

— بۇرادەر، ئېسىڭىزدە بولسۇن، بۇ دوختۇر بىز-نىڭ ئۇستازىمىز، — دەيدۇ.

بۇ چاغلاردا لۇتپۇللا توغرىسىدىكى مەخپىي ماتېرى-ياللار ئاقسۇ ساقچى ئىدارىسىگە يېتىپ بولغانىدى، ئاقسۇ ساقچى ئىدارىسىدە بىرنەچچە ئالدىراش كىشى پەيدا بولغانىدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى سايىدەك كېچە-كۈندۈز شائىرنىڭ كەينىدىن ماراش ئىدى.

## 5

## قېرى ساتىراش

ساقچى ئىدارىسىدىكى بىرنەچچە ئىشپىيون لۇتپۇللا-نىڭ كەينىگە كىرىۋالىدۇ. مۇشۇنداق شارائىتتا لۇتپۇللا نېمە قىلالىسۇن؟

بىر كۈنى لۇتپۇللا چاچ ئالدۇرغىلى ساتىراشخانىغا بارىدۇ. ساتىراشخانا پاكار ۋە زەي بىر ئېغىز ئۆيگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاتا-بالا ئىككىيلەن ھۈ-نەر قىلاتتى. ئوغلى لۇتپۇللانىڭ چېچىنى ياساۋاتقاندا دادىسى — قېرى ساتىراش دۇتار چېلىپ بوغۇق ھەم غەمكىن ئاۋازدا قەدىمكى خەلق ناخشىسىنى ئېيتىۋاتاتتى:

كۆرۈپ دوستلىرى بىمارام بولۇپ ئاغرىپ قالغاندىمۇ؟ دوختۇر چاقىرامدۇق ـ قانداق دېگەن ئويلارغا كېلىدۇ ۋە كىرىپ كۆرۈپ چىقماقچى بولىدۇ. لېكىن ئۆيىگە مېھرىخان ئانا ئىشكىنى توسۇۋېلىپ ئۇلارنى كىرگىلى قويمايدۇ. بىر موماي بىر نەچچە يىگىتنى توسۇپ قالالامتى؟ ئۇلار دۇپۇرلىشىپ ئۆيگە بېسىپ كىرىپ يوتقاننى ئېچىپ قاراپ، ھاڭ ـ تاڭ قالىدۇ. ئەسلىدە يوتقان ئىچىدە ئادەم يوق ئىدى. ئۇنداقتا لۇتپۇللا قېنى؟ مېھرىخان ئانا:

— غەلۋە قىلماڭلار! ئۇ شەھەر سىرتىدىكى بېغىمدا بىر نەرسە يېزىۋاتىدۇ، — دەيدۇ.

لۇتپۇللا ئەسلىدە بۇ چاغدا «غېرىپ ـ سەنەم» ئوپېراسىنى يېزىۋاتاتتى. «غېرىپ ـ سەنەم» تارىخي تېما بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر جۈپ ياشنىڭ مۇھەببىتى ھېكايە قىلىنىدۇ. بۇ بىر جۈپ ياش مۇھەببەت يولىدا شاھنىڭ پەرمانى، دادىسىنىڭ بۇيرۇقى ۋە كونا قائىدە-يوسۇنلار ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ، قاتمۇ قات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئاقىۋەت مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىدۇ. ئەينى چاغلاردا شۇ جايدىكى كىشىلەر مۇشۇنداق ئىدىيىگە، مۇشۇنداق ئىسيانكار روھقا نەقەدەر مۇھتاج ئىدى ـ ھە!

لۇتپۇللانىڭ مۇھەببەت ۋە سادىقلىق كۈيلىنىدىغان دراما ئويناشقا تەييارلىنىۋاتقانلىق توغرىسىدىكى خەۋەر ئاقسۇدىكى تەرەققىپەرۋەرلەر ئارىسىغا ناھايىتى تېز

— ياق، ئېيتىۋېرىڭ، مانا مەن ياقتۇرىمەن،—دېدى لۇتپۇللا ئالدىراپ.

بوۋاي كۆلۈپ قولىغا دۇتارنى ئالدى.

— بوپتۇ، ئاڭلىسىڭىز ئېيتىپ بېرەي.

بوۋاينىڭ ناخشىسى تۈگىگەندىن كېيىن لۇتپۇللا ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ هاياجانلانغان هالدا:

— تاغا، قالتىسكەنسىز. مانا بۇنى هەقىقىي ناخشا دېسە بولغۇدەك. ئۇلار ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئۆز هاياتى بەدىلىگە بىزگە قالدۇرغان ناخشىلار. تاغا، مۇشۇنداق كۆپ ناخشىنى ئەستە تۇتماق ئۇڭايغا توختىمىغاندۇر،—دېدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ هەر كۈنى كەچتە لۇتپۇللا بۇ يەرگە كېلىپ بوۋاينىڭ ناخشىسىنى ئاڭلايدۇ ۋە خاتىرە دەپتىرىگە بىرمۇ بىر خاتىرىلىۋالىدۇ. بەزىدە هاياجىنىنى باسالماي «ئۆرگىلەي» دەپ توۋلايدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن هەر كۈنى كەچتە بۇ يەردە ئادەم مەغىلدايدىغان بولىدۇ.

## 6

## «غېرىپ - سەنەم» نى ئويناش

كۈتۈلمىگەندە لۇتپۇللانىڭ ئۆيى جىمىپ قالدى. دوستلىرى ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ ئىشىكنى تاقىۋېلىپ يوتقانغا پۈركىنىپ ياتقانلىقىنى كۆرىدۇ - دە، بىر-بىرىگە:

— ئۇنى ئويغاتمايلى، ئارام ئېلىۋالسۇن،—دەپ شىۋىرلىشىدۇ. ئەتىسى كەلسە، ئۇ يەنە ياتقان. بۇنى

رېپېتىتسىيە باشلاندى. پۈتۈن ئاقسۇ قاينام - تاشقىنلىققا چۆمدى. بۇ، پادىشا خوجىنىڭ ئۇخلاپ چۈشكەنمۇ كىرمىگەن ئەھۋال ئىدى. ھەممە ئادەم ئويۇننىڭ تېزرەك قويۇلۇشىنى كۈتەتتى. پادىشا خوجا ھېسابلاپ كۆرۈپ بېلەتتىن كىرىدىغان كىرىمنىڭ ئاز بولمايدىغانلىقىنى پەملىدى.

رېپېتىتسىيە داۋاملاشماقتا. تويۇقسىز ساقچى ئىدارىسىدىن ئىدارە باشلىقىنىڭ بۇ ئويۇننى قويۇشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى كەلدى. بۇنى ئاڭلاپ پادىشا خوجىنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچ- تى. ئۇ ۋالىي مەھكىمىسىگە بېرىپ، ئۇستەلنى مۇشت- لاپ تۇرۇپ ساقچى باشلىقىنى راسا سۆكتى. ۋالىي ئۇنىڭغا:

— ئايلىناي بېگىم، ئاچچىقلىرىنى بېسىۋالسىلا. بۇ ئىشتا مەندىن يامانلىمىسىلا، مەنمۇ تەڭلىكتە قالدىم. شەھەر ئىچىدىكى - سىرتىدىكى بولۇپ قانچە- لىك ئادەم بۇ ئويۇننى كۆرسەمىز دەۋاتىدۇ، بىلەملا، — دېدى.

— ئادەم كۆپ بولسا نېمە بوپتۇ، ئادەم كۆپ بولسا تېخى ياخشى ئەمەسمۇ، — دېدى پادىشا خوجا ئىرەنسىمىگەن ھالدا.

— ياپىر، سىلى بۇنى بوش چاغلاۋاتىلا، قالاي- مىقانچىلىق چىقسا كىم جاۋابكار بولىدۇ؟

تارقالدى. ئىلغار ياشلار لۇتپۇللانىڭ ئەتراپىغا يىغى-
لىشقا باشلىدى. ئۇلار ساقچى ئىدارىسىنىڭ قاتتىق قات
مۇھاسىرىسى ئاستىدا بۇ ئوپېرانى ئوينىاپ چىقىش ئۈ-
چۈن ئۆزلىرىنىڭلا تىرىشچانلىقىغا تايىنىش يېتەرسىزلىك
قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئادەم كۆپ بولسا
ئەقىل كۆپ بولىدۇ. ئۇلار بىر ئادەمنى ئەسكە ئالدى.
ئۇنىڭدىن پايدىلانغىلى بولسا، تازا ئوبدان بولاتتى-دە،
بۇ ئادەم مەنچىلىك خانى تەرىپىدىن ئاقسۇ كونىشەھەر هاكى-
مى قىلىپ تەيىنلەنگەنلەرنىڭ ۋارىسى پادىشا خوجا بولۇپ،
ئاقسۇ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمى-
سىغا يىلىغا بىر تۈمەن كۈرىدىن ئارتۇق بۇغداي تاپشۇ-
رۇلاتتى. ئۇ، ۋالىي چاۋگېن بىلەن شېرىكلىشىپ بۇغداي-
نىڭ هەر بىر كۈرىسىنى 20 يۈەندىن سېتىۋېلىپ،
200 يۈەندىن سودىگەرلەرگە ساتاتتى. شۇڭا، ئاقسۇ-
دا پادىشا خوجا ھېسابسىز پۇلغا ئىگە ئىدى، ئۇنىڭ
ئۈستىگە هوقۇقىمۇ يەتكۈدەك بولۇپ، ۋالىينىڭ ئالدى-
دىمۇ دېگىنى - دېگەن، قىلغىنى - قىلغانىدى.
ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي پادىشا خوجا دوستلى-
رىغا يىگىت بىلەن قىزنىڭ مۇھەببەتتى ھېكايە قىلىنى-
دىغان بىر ئويۇن قويۇشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتقانلىقىنى
جاكارلىدى. مۇشۇنداق كاتتا ئادەم قوشۇلغان تۇرسا
باشقىلارنىڭ غىدىك - پىدىك قىلىشىغا نېمە هەددى؟
ۋالىي چاۋگېنمۇ تىلىنى چىشلەشكە مەجبۇر بولدى.

يېنىڭ بىر قىسمى جەڭ بىلەن ساۋەنگە يېتىپ كەلدى، بىر قىسمى مۇزداۋاندىن ھالقىپ ئۆتتى. گومىنداڭنىڭ رەھىمسىز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا نالە - پەرياد چېكىۋاتقان ئاقسۇ خەلقى ئۈچۈن بۇ نەقەدەر زور ئىلھام - ھە!

شۇ كۈنلەردە لۇتپۇللانىڭ ئۆيىدىن ئاقسۇدىكى ئىنقىلابىي ياشلارنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز، رۇس مىللەتىدىن بولغان ئىشچى، ساتىراش، موزدوز، ناۋاي، ھارۋىكەش، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، ئوقۇغۇچىلار، دوختۇرلار شۇنىڭدەك گومىنداڭنىڭ ناھىيىلىك بۆلۈمىنىڭ ئاددىي خىزمەتچىلىرى، ئاتلىق 5 - پولكىنىڭ مال دوختۇرى ... بار ئىدى.

شۇ كۈنلەردە لۇتپۇللا جەڭگىۋار شېئىرى «خىيالچان تىلەك» نى يېزىپ كىشىلەرگە خىيالىنىڭ رېئاللىقتا ئايلىنىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقى چوقۇم گۇمران بولىدىغانلىقىنى، ئازادلىق تېڭىنىڭ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، خەلقنى قوزغىلىپ كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدۇ. بۇ شېئىر پات ئارىدىلا ئاقسۇ خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي جەڭ مارشىغا ئايلىنىدۇ. مىللىي ئارمىيە ئاقسۇنى مۇھاسىرىگە ئالغاندا كىشىلەر مۇشۇ ناخشىنى ئېيتىپ جەڭگە قاتنىشىدۇ، كىشىلەر مۇشۇ ناخشىنى ئېيتىپ شىنجاڭ ئازاد بولغانغا قەدەر كۈ-

پادشا خوجا تېخىچە ئاچچىقىنى باسالماي ۋاتاتتى.
— ئۇنىڭ بىلەن كارىم يوق. مەن 100 نەچچە كۈرە بۇغدايىنىڭ پۇلىنى سەرپ قىلدىم. ئەمدىلىكتە قويۇشنى مەنئى قىلساڭلار...
— نېمىلا دېگەن بىلەن ۋالىينىڭ چارىسى كۆپ. ئۇ ساقچى باشلىقى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بېلەتتىن كىرگەن كىرىمگە ئۇنىمۇ شېرىك قىلماقچى، ئويۇن قويۇلغاندا ساقچى ئىدارىسىدىكىلەرنى چىقىرىپ تەرتىپ ساقلىماقچى، ئۇلار يېتىشمىسە ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 - پولكىنى چىقارماقچى بولدى.
مانا شۇنداق جىددىي پەيتتە «غېرىپ — سەنەم» سەھنىگە چىقىرىلدى.

7

## ئۇچقۇنلار ئەتتىپاقى

شۇنىڭدىن كېيىن لۇتپۇللا سەنئەت ئۆمىكىنى باشلاپ «غېرىپ - سەنەم» نى ھەر قايسى ناھىيە، يېزىلارغا ئاپىرىپ قويۇشقا كىرىشتى.
1944 - يىل 11 ئايدا. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىنقىلابىي ئۇرۇشى باشلاندى. گومىنداڭ باندىت قوشۇنى تۈركۈم - تۈركۈملەپ تارمار قىلىندى. مىللىي ئارمى-

لىرىگە يەتكۈزۈشكە سالماقچى بولغانىكەن.

— مېنى ئىشپىيون بول دېگەنلىك ئەمەسمۇ بۇ، دەپ ئويلايدۇ قادىر يۈسۈپ، — كەمبەغەل بولسامۇ ۋىجدانىمنى يوقاتماسلىقىم، يولداشلىرىمنى ساتماسلىقىم لازىم، — دېگەن قارارغا كېلىدۇ-دە، ئاڭقىرالمىغان سىياقتا:

— باشلىق، بۇ قانداق بولىدۇ؟ ئۇ دېگەن تەھرىر، مەن بولسام ئىشچى، ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى مەن قانداق بىلەي؟ — دەيدۇ.

كىم بىلسۇن؟ بۇ گەپ تۈگەش بىلەنلا بۆلۈم باشلىقى زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلۈپ:

— بىلمەسكە سالما! ئۆزەڭنىڭ 1-باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ھېلىقى مۇئەللىمگە دېگەنلىرىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ — دەيدۇ.

شۇنداق! ئالدىنقى كۈنى ئۇ بىر باشلانغۇچ مەكتەپ مۇئەللىمگە ئىنقىلاب توغرىسىدىكى گەپلەرنى قىلغان. بىراق ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئىپلاس نەرسە ئىكەنلىكى خىيالىغىمۇ كەلمىگەنىدى.

مۇز داۋاندىن ھالقىپ ئۆتكەن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى گومىنداڭ ئاتلىق 5-پولكىنىڭ بىر روتىسىنى تارمار قىلدى. ئىنقىلاب بورىنى كۈندىن-كۈنگە ئۇلغايماقتا ئىدى. ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىدىكى كىشىلەرنىڭ جەڭگە ئاتلىنىشقا تاقىتى تاق بولماقتا ئىدى.

بىراق جەڭ قىلىش ئۈچۈن قورال لازىم-دە، بۇنى لۇتپۇللا ئالدى بىلەن ھەل قىلىشنى ئويلىغانىدى.

رەشنى داۋاملاشتۇرىدۇ، كىشىلەر مۇشۇ ناخشىنى ئېيتىپ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى كۈتۈۋالىدۇ.

شۇ كۈنلەردە لۇتپۇللا ۋە دوستلىرى «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» نى قۇرۇپ، شەھەر، يېزىلاردا، گومىنداڭ ئاتلىق 5 - پولكى ئارىسىدا، باشقا ناھىيىلەردىن ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كېلىنگەنلەر ئارىسىدا تەشۋىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇرىدۇ.

بىر كۈنى مۇنداق بىر ئىش يۈز بېرىدۇ. لۇتپۇللا تەشۋىق ۋەرەقىسىنى يېزىپ بولۇپ، كېچىدە ئۈچ ئادەم يوشۇرۇن باسماقچى بولىدۇ. كىم بىلسۇن؟ شۇ ۋاقىتتا ئىشچى قادىر يۇسۇپ كەلمەيدۇ. ئۇنى ساقلا - ساقلا تاڭ ئېتىپ كېتىدۇ. ئەتىسى ئىشقا چۈ-شىدىغان چاغدا ئۇ باشقىلار بىلەن بىللە ئىشقا كېلى-دۇ. ئۇ كەچكىچە چىرايىنى ئاچماي، باشقىلارغىمۇ گەپ قىلماي يۈرىدۇ. كەچتە لۇتپۇللانى تېپىپ ئۇنىڭغا:

— ئاكا! ئىش بۇزۇلدى، — دەيدۇ.

ئەسلىدە تۈنۈگۈن كەچتە ئۇنى ساقچى تۇتۇپ ئاپىرىپ سولاپ قويغان. تاڭ يورۇشقا يېقىن بىر بۆلۈم باشلىقى كىرىپ ھىجىيىپ تۇرۇپ:

— قورقۇپ كەتكەنسىز، ھېچ گەپ يوق، سىزنى ئازراق ئىش بىلەن ئەكەلگەنىدۇق — دەيدۇ.

نېمە ئىش؟

ئەسلىدە ئۇنى لۇتپۇللانىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ، ئۇنىڭ نېمە دېگەن، نېمە قىلغانلىقىنى قالدۇرماي ئۆز-

## قازا تېپىش

1945 - يىل 9 - ئايدا، ھەممىسي ئارمىيە ئاقسۇنى قورشىۋالدى.

كېچە، ئاسماندا ئايمۇ، يۇلتۇزمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ئەتراپ قولنى سوزسا قولنىڭ ئۇچىمۇ كۆرۈنمىگۈدەك دەرىجىدە قاپقاراڭغۇ.

تۇرمە ھويلىسىدا ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋۇ شاۋىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى غەرق مەس يۇرمەكتە. قاراڭغۇلۇقتىن كىشىنىنىڭ جاراق - جۇرۇق قىلغان ئاۋازى كېلىدۇ. ۋۇ شاۋىنىڭ ئەسەبىيلەرچە ۋاقىرىماقتا:

ئات! چاپ!

لۇتپۇللا مۇتەللىپ، بىلال ئەزىزى، قادىر يۇسۇپ ۋە باشقا سەپداشلار سېپىل تۇۋىدە تۇرىدۇ. لۇتپۇللا:

— ئات! چاپ! بىز ئۇچۇن قىساس ئالىدىغانلار چىقىدۇ، — دەپ ۋارقىرايدۇ.

ئوق ئاۋازى ياڭرايدۇ. شائىر يىقىلىدۇ، شائىر قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يىقىلىدۇ، شائىرنىڭ قېنى ئۇز تۇپ-رىقىغا تۆكۈلىدۇ...

شىنجاڭ ئازاد بولدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈستىدىن قانلىق قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەن جال-لاتلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قولغا چۈشىدۇ. 1952-

ئاقسۇدىن 30 چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسىدە مىلتىق، تاپانچا بولۇپ 30 نەچچە تال قورالغا ئىگە بىر ساقچى ئەترىتى بار ئىدى. مانا شۇ ئەترەتتىكى بىلال ئەزىزى ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، لۇتپۇللا مۇنداق پىلان تۈزىدۇ. بىر كېچىسى ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى لوكچەكلەر سىياقىدا ياسىنىپ ساقچى ئەترىتىنىڭ يېنىدا قىمار ئوينىغان بولۇپ تۇرىدۇ. بىلال ئەزىزى ساقچىلارنى قىمارۋازلارنى تۇتىمىز، دەپ باشلاپ كەلگەندە ئىچى - تېشى تەڭ ماسلىشىپ ساقچىلارنىڭ قوراللىنى تارتىۋالىدۇ. ئاندىن شەھەرنىڭ شىمالىدىكى تاغقا چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ يەردە بىر ئۆلىمانىڭ مازىرى بولۇپ، بۇ چاغ مازارغا تاۋاپ قىلىش چاغلىرى بولغاچقا، ھەر قايسى ناھىيىلەردىن نەچچە مىڭ دېھقان بۇ يەرگە يىغىلاتتى. مانا شۇ جايدا لۇتپۇللا ئاقسۇ بويىچە چوڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلايدۇ.

ئەپسۇسكى ئويلىمىغان يەردىن ئىپلاس خائىن ھېكىم نۇر ئۆلارنىڭ تەشكىلاتىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان ھەم باش كاتىپلىق ئورنىغا ئىگە بولۇۋالغانىدى. ئۇ، بۇ پىلاندىن خەۋەر تېپىپ، كېچىلەپ بۇ پىلاننى ۋە ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكىنى ساقچى ئىدارىسىگە يەتكۈزىدۇ. ئەتىسى لۇتپۇللا ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ ھەممىسى قولغا ئېلىنىدۇ.

## ۋەتەنپەرۋەر ئىلغار ياشلارنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى

— ئىنقىلابىي قۇربان چاۋ گورىن توغرىسىدا

جۇ ياڭگۇي (قەلەم تەۋرەتكەن)، شېڭ دېجۇن، لۈ ياپىڭ

1938 - يىلىنىڭ بىر كۈنى، شىنجاڭ چېگرا مۇدا-
پىئە دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ يېنىدىكى ياموُلىنىڭ سىرتقى
دەرۋازىسى تۈۋىدە شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇغۇچىلار
تەشۋىقات ئەترىتى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋى-
قات ئېلىپ بېرىپ، ئاممىنى ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ،
جاسۇسلارنى تازىلاپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئار-
قا سەپنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى مۇستەھكەملەشكە سە-
پەرۋەر قىلىۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا قولىدا سېتىقچىلىق سۆۋد-
تىنى كۆتەرگەن بىر بوۋاي ئاممائارىسىنى ئارىلاپ جېنى-
نىڭ بارىچە خېرىدار چاقىرىپ تەشۋىقاتقا تەسىر يەتكۈزۈپ،
ئاممىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغايدۇ، كۆپچىلىك ئۇنى سۈ-
رەن سالماسلىققا ئۈندىسە ئۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقاتىغا ھۇجۇم قىلىدۇ، بۇ-
نىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاممىنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ—
بۇ قېرى چوقۇم ياخشى نىمە ئەمەس دېيىشىدۇ - دە،
بەزىلەر ئۇنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ دېگەندەك ياپون باي-

يىلى باھاردا جاللات ۋۇ شاۋىنىڭ ئۇرۇمچىدە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئەينى يىللىرى ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىدىكىلەر مەخپىي يىغىلىش ئۆتكۈزگەن دەرەخزارلىق يېنىدا ئاقسۇ بويىچە ئاممىۋى يىغىن ئېچىلىپ، ھېكىم نۇر نەق مەيداندا ئېتىلدى. ئاندىن كىشىلەر كەتمەن، گۈرجەكلەرنى كۆتۈرۈپ گومىنداڭنىڭ شەرقىي دەرۋازا سىرتىدىكى بىر قورغىنىنى ئۆرۈپ تۈزلىۋەتتى. مانا شۇ قورغان يېنىدىن لۇتپۇللا ۋە باشقا ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ جەسىتى تېپىلدى. خەلق ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ ئۇلارنى يەرلىككە قويدى.

كىشىلەر بۇ ئۇنتۇلماس بىر كۈن، قىساس ئېلىنغان كۈن دېيىشتى.

كىشىلەر ئاشۇنداق پارلاق سەھەردە قاراڭغۇ كېچىنى يورۇتۇپ غىل - پال قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن نۇرلۇق يۇلتۇزنى كۆرگەندەك بولدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوت يۈرەك شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپنى خاتىرىلەش ئۈچۈن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1956 - يىل 8 - ئايدا ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تونۇشنى قارار قىلدى. ئۇنىڭ ئىسمى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تارىخ سەھىپىسىگە يېزىلدى.

## شىنجاڭغا بارىمەن

چاۋ گورېن (تەخەللۇسى خەن ھو) قەھرىيە 1920 - يىلى 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لىڭشيا (خېجۇ) شەھىرى ئەتراپىدىكى نەنلۇڭ يېزىسىنىڭ چاۋ جيا (چاۋ جەمەتلىكلەر) كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىسى ئەمگەكچان، ئاقكۆڭۈل دېھقان بولۇپ، بىر نەچچە مو يەرنى تېرىش بىلەن تۇرمۇشىنى ئاران قامداپ كەلگەن. دادىسى چاۋ زىخې كونا ئارمىيىدە چاكار بولۇپ ئىشلىگەن. ئانىسى مەلۇماتلىق، ئەخلاقلىق ئايال ئىدى. چاۋ گورېن كىچىكىدىنلا ئەمگەكنى سۆيەتتى، چوشقا، توخۇ، كالا بېقىش، تېزەك تېرىش قاتارلىق چامىسى يېتىدىغانلىكى ئىشلارنى قىلىپ ئائىلىسىگە ياردەملىشەتتى. ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە ئانىسى ئۇنى خېجۇ شەھىرىدىكى جۇڭسەن باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئوقۇشقا بېرىدۇ. ئۇ تىرىشىپ ئوقۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەيدۇ.

1928 - يىلى، گەنسۇدا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىدۇ. مىللىتارىستلار خۇيزۇ، خەنزۇ مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىپ مىللىي قىرغىنچىلىق پەيدا قىلىدۇ. شۇ ۋاقىتتىكى قىرغىنچىلىقتا ئۇنىڭ بوۋىسىنىڭ بېشى چېپىلىپ كېتىدۇ. بۇ ئەنسىزچىلىك يىللاردا يۇرتىدا تۇرۇشقا مۇمكىن بولمىغاچقا

رىقىدىن بىرنى تېپىپ چىقىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئامىنىڭ غەزىپى تېخىمۇ ئۆرلەپ، مۇشتلىرىنى شىمايلىتىشىپ بۇ «ياپون جاسۇسى» نى راسا ساۋىماقچى بولۇشىدۇ. بۇ چاغدا تەشۋىقات ئەترىتىدىكى ئوقۇغۇچىلار بوۋاينى ئەمدى قوغدىمىسا بولمايدىغانلىقىنى پەملەپ ئامىغا: بۇ بوۋاي جاسۇس ئەمەس، تەشۋىقات ئەترىتىمىزنىڭ ئارتىسى، رول ئېلىۋاتىدۇ، — دەپ چۈشەندۈرىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا تاياقتىن خالى بولالمايدۇ. بوۋاينىڭ رولىنى شۇنداق قامالاشتۇرۇپ ئوينىغان ئامىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتقان بۇ ياش — شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ ئىلغار ئوقۇغۇچىسى چاۋگورىن ئىدى. ئۇ، لىن جىلۇ، چى تىيەنمىن قاتارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى، دۇ جۇڭيۈەن، ماۋدۇن قاتارلىق مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ تەربىيىسىدە يېتىلگەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ۋەتەنپەرۋەر ئىلغارلاردىن بولۇپ، كوممۇنىستىك غايىگە، كۆپ تەرەپلىمە تالانتقا ئىگە، ئالغا ئىنتىلىشچان ئىنقىلابىي ياش ئىدى. بىراق بۇ ۋەتەنپەرۋەر ياش 1942 - يىلى جاللات شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئىلگىرى شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلىگەن پېشقەدەم ئىنقىلابچىلار كۆپ يىللاردىن بۇيان، چاۋ گورىننى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تونۇشنى تۇشمۇ تۇشتىن تەلەپ قىلىپ كەلگەنىدى. 1985 - يىل 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى چاۋ گورىننى ئىنقىلابىي قۇربان ەپ تونۇشنى قارار قىلدى.

ۋە نام چىقىرىشنى تېخىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا ئورۇنلىشىپ بولۇپلا چاۋ گورىننى لۇكيۇ ئۆيۈشمىسى باشقۇرغان جۇڭشەن باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئاپىرىپ بېرىدۇ. ئۇ تىرىشىپ باشتىن - ئاخىر ياخشى ئوقۇيدۇ، رەسىم سىزىشقا بەكمۇ قىزىقىدۇ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ «خادىمىن» ماركىلىق تاماكىنىڭ قېپىغا بېسىلغان شەجۇي تىياتىرىدىكى «ئەجنەبى» سۈرىتىنى تەقلىد قىلىپ سىزىشنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. گۇەن گۇڭ، خۇاڭ تيەنبانىڭ سۈرەتلىرىنى ئەينەن سىزغانلىقى ئۈچۈن ئورغۇن يۇرتداشلىرى ئۇنى ئۆيلىرىدىكە چاپلىۋېلىشقانىدۇ. ئۇ رەسىم سىزىشنى ياخشى كۆرۈپلا قالماستىن، تەنتەربىيە ۋە مۇزىكا ھەۋەسكارى ئىدى. قىزىقىش دائىرىسىنىڭ كەڭرىلىكى — ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنلەردىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالغانىدى.

1934 - يىل 7 - ئايدا، ئۇ جۇڭشەن باشلانغۇچ مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇقسىز سىنىپىغا ئوقۇشقا كىردى. ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، دادىسى بىلەن تاغىسى ئىشسىز قالغانلىقتىن ئائىلە ئىقتىسادى بىر قەدەر قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇ پەقەت ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېرىلگەن ئوقۇش پۇلىغىلا تايىنىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇستى بېشى كونا بولغاچقا بەزى ساۋاقداشلىرى ئۇنى كۆزگە ئىلمايدۇ. ئۇ ئۆسەك گەپ - سۆزلەرگە قۇلاق

1930 - يىلى چاۋ گورىنىڭ ھاممىسىنىڭ ئائىلىسىدىكـ
لەر شىنجاڭغا بارماقچى بولىدۇ، تاغىسى بىلەن مومىسى-
مۇ ئۇلار بىلەن بىللە مېڭىش قارارىغا كېلىدۇ. مومىسى
چوڭ نەۋرىسى چاۋ گورىننى بەكمۇ ياخشى كۆرگەچكە ئۇ-
نىمۇ بىرگە ئېلىپ ماڭماقچى، چاۋ گورىنىڭ ئاتا - ئا-
نىسىمۇ ئارقىدىنلا يولغا چىقماقچى بولۇشىدۇ. ئەمدىلا
10 ياشقا كىرگەن چاۋ گورىن 1930 - يىلى 7 -،
8 - ئايلاردا سۆيۈملۈك ئاتا - ئانىسى ۋە ئۇماق ئىنى-
سىدىن ئايرىلىپ جاھاندارچىلىق قىلىش ئۈچۈن، مومى-
سى بىلەن شىنجاڭغا قاراپ يول ئالىدۇ. نۇرغۇن جەۋ-
رى - جاپالارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۈچ ئايدىن ئار-
تۇق يول يۈرۈپ، 1930 - يىلى كۈزدە دىخۇا (ئۈرۈمچى)
غا يېتىپ كېلىدۇ.

## ئىنقىلابىي ئاقارتىش

چاۋ گورىنىڭ شىنجاڭغا كەلگەن ۋاقتى دەل گەنسۇ
خېجۇلۇق مىللەتارىست جىن شۇرېنىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قى-
لىۋاتقان ۋاقتى ئىدى. يۇرتداشلىق مۇناسىۋىتى بىلەن
تاغىسى بىلەن ھاممىسىنىڭ يولدىشى جىن شۇرېنىنىڭ
قىشىدا قارا خىزمەتچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇلار ھانجۇ
قەلئەسىدىن بىر كىچىك قورانى ئىجارىگە ئېلىپ ئول-
تۇرىدى. مومىسى نەۋرىسىگە بەكمۇ ئامراق ئىدى، ئۇ-
نىڭ مەكتەپتە ئوقۇشىنى، ئوي - ئوچاقلىق بولۇشىنى

كىلات — «شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇ-
رۇش ئۇيۇشمىسى» غا كىرىپ، ئۇيۇشمىنىڭ ياپون باس-
قۇنچىلىرىغا قارشى تۈرلۈك پائالىيەتلىرىگە پائال قات-
نىشىدۇ. دائىم تىياتىرخانىلارغا بېرىپ ئاممىغا ياپونغا
قارشى تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى ئوقۇپ بېرىدۇ. ئۇ
يەنە 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇش-
ما تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ موزىكا گۇرۇپپىسىغا قاتنى-
شىپ، موزىكا بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
تەشۋىقات ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ھەممە جاھانگىر-
لىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ رادىئو ئىستانسىغا بېرىپ
ئويۇن كۆرسىتىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ شىنجاڭدىكى ئا-
تاقلىق رەسسام دەي پىڭيىڭنىڭ يېتەكلىشى ئارقىسىدا
رەسساملىق تېخنىكىسى جەھەتتە زور ئىلگىرىلەيدۇ،
ياغاچ ئويمىچىلىقىنىمۇ ئۆگىنىۋالىدۇ - دە، رەسىم
سىزىش ۋە ياغاچ ئويمىچىلىق بىلەن ياپون باسقۇنچى-
لىرىغا قارشى تەشۋىقات ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا باش-
لاپ زور تەسىر قوزغايدۇ.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان 3 يىل جەر-
ياندا ئۇ ماركسىزملىق مەرىپەت تەربىيىسىگە ئۇچ-
راشقا باشلاپ ۋەتىنىنىڭ مۇنقەرزلىك خەۋپىدىن
ئىبارەت ھالقىلىق پەيتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىدۇ.
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرز-
لىكتىن قۇتۇلدۇرۇش قىزغىنلىقى يۇقىرى پەللى-
گە كۆتۈرۈلىدۇ.

سالماي قەيسەرلىك بىلەن قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەچكە ئۆگىنىش نەتىجىسى باشتىن - ئاخىر سىنىپ بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

1935 - يىلى، كومپارتىيە ئەزاسى ۋاڭ شۇچىڭ (يۈي شۇسۇڭ) جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ باش كاتىپى، شىنجاڭ شۆيۈەننىڭ مۇدىرى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ. ئۇ مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن، پەقەت ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە دەرسلا تەسىس قىلىنغان ئەھۋالنى ئۆزگەرتىپ سىياسىي دەرسنىمۇ تەسىس قىلدى ھەمدە ۋاڭ شۇچىڭنىڭ ئۆزى سىياسىي دەرس بېرىشنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ماركسىزم - لېنىنىزمنى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇشنى، ئەلۋەتتە بۈيۈك سىياسەتنى تەشۋىق قىلىدۇ. چاۋگورىن ماركسىزملىق مەرىپەت تەربىيىسىگە ئېرىشىشكە باشلايدۇ ھەمدە 1931 - يىلىدىكى «18 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ۋەتىنىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى گۈزەل تاغ - دەريالىرىنى دابوت قىلىپلا قالماي، بەلكى قەدەممۇ قەدەم ۋەتىنىمىزنىڭ مۇقەددەس زېمىنىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ ئىشغال قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىدۇ. مىللەتنىڭ ھالەك بولۇش خەۋپى ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى ئۇرغىتىدۇ. ئۇ بىر قىسىم ئىلغار ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرلىكتە قۇرۇلغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان ئىلغار تەش-

لارنى مەكتەپ قۇرۇش ئەمگىكى ئېلىپ بېرىشقا يېتەكلەپ، ئوقۇتۇش مۇھىتىنى تەرتىپكە سېلىپ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشتىن ئىبارەت يېڭى ئوقۇتۇش ئىستىلىنى ئورناتتىدۇ. لىن جىلۇ قاتارلىق كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىر ئاي جىددىي، جاپالىق ئەمگەك قىلىپ، مەكتەپ ئىچىدىكى يوللارنى تۈزلەپ، كۆچەت تىكىپ، توپ مەيدانىنى ئاغدۇرۇپ قايتا تۈزلەپ، سىنىپ - ياتاقلارنى ئاقارتىپ، ئىشىك - دېرىزە، ئۈستەل - ئورۇندۇقلارنى رېمونت قىلىپ مەكتەپنى يېڭى تۈسكە كىرگۈزىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھىي كەيپىياتىدىمۇ كۆتۈرەڭگۈ ھالەت بارلىققا كېلىدۇ. چاۋگورېن مەكتەپ قۇرۇش ئەمگىكىگە پائال قاتنىشىپ، ھېرىپ - چارچاش ۋە پاسكىنىلىقتىن قورقماي لىن جىلۇنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولىدۇ. مەكتەپنىڭ يېڭى قىياپىتىنى كۆرگەن چاۋگورېن كۆپىنىڭ كۈچىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. لىن جىلۇ ۋەزىيەتنىڭ يۈنىلىشىگە قاراپ پۈتۈن مەكتەپتىكىلەرگە «ئىتتىپاق بولۇش، جىددىي بولۇش، ئاددىي - ساددا بولۇش، جانلىق بولۇش» تىن ئىبارەت سەككىز سۆزلۈك مەكتەپ مىزانىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالغا ئىنتىلىش، تىرىشىپ ئۆگىنىش كەيپىياتى كۈنسايىن يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. لىن جىلۇ قاتارلىقلار ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسى تەربىيىسىگە ئىنتايىن ئېتىبار بېرىپ،

## غايە نۇرى

1937 - يىلى 7 - ئايدا، چاۋگورىن ئۆلكىلىك I - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇقسىز سىنىپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا كىردى. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ شۆيۈەن پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە بىردىن - بىر ئالىي بىلىم يۇرتى ئىدى. ماركسىزملىق تەربىيە ئومۇملاشقان، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش تەربىيىسى ئىنتايىن جانلانغانىدى، بولۇپمۇ «7 - ئىيۇل» لۇگوچياۋ ۋەقەسىدىن كېيىن، شۆيۈەنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش پائالىيىتى تېخىمۇ ئەۋج ئالدى.

پارتىيىمىز شېڭشىسەي بىلەن ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ تۈزگەندىن كېيىن، 1938 - يىلى 3 - ئايدا، كومپارتىيە ئەزاسى لىن جىلۇ، چې تيەنمىن ۋە ياڭمېيشېڭ قاتارلىقلار شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭ شۆيۈەنگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى. لىن جىلۇ ئىلمىي مۇدىرلىققا، چې تيەنمىن كاتىپ قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىلىققا، ياڭمېيشېڭ ھەربىي تەلىم - تەربىيىچىلىككە تەيىنلەندى. ئۇلار شۆيۈەنگە كەلگەندىن كېيىن ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن يەنئەن ياپونغا قارشى ھەربىي - مەدورىي داشۆنىڭ مەكتەپ ئىستىلى بويىچە ئوقۇغۇچىلا-

ئوقۇپ، مەخسۇس تېمىلاردا ئىشلەپ بېرىلىدىغان مۇھاكى-
مە يىغىنلىرىغا پائال تەييارلىق قىلىدۇ. ئۇزىدە كوممۇ-
نىزم غايىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىدىيىسىنى روشەن
تىكلەشكە باشلاپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ
ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش پائالىيەتلىرىگە پائال
قاتنىشىپ، بۇ پائالىيەتنىڭ ئاكتىپلىرىدىن بولۇپ قال-
دۇ. مەكتەپتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ناخشا ئېيت-
تىش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، ناخشا ھەۋەسكارلىرى «قىلىچ
مارشى» قاتارلىق ياپونغا قارشى ناخشىلارنى ئېيتىشقا
ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. چاۋگورىنىڭ قوبۇل قىلىشى تېز، ئاۋا-
زى جاراڭلىق بولغانلىقتىن ئۇ ئالدى بىلەن ئۆگىنىۋې-
لىپ ساۋاقداشلىرىغا ئۆگىتىدۇ، ساۋاقداشلىرى ئاممىغا
ئۆگىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
ناخشىلار ناھايىتى تېزلا ئۈرۈمچىنىڭ چوڭ-كىچىك كو-
چىلىرىغا تارقىلىپ، ئاممىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى قىزغىنلىقىنى ئۇرغىتىدۇ.

لىن جىلۇ — سەنئەت تالانتىغا ئىگە ئىنقىلابچى. ئۇ
شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن ناخشا-مۇزىكىلارنىڭ كونا،
چاكىنىلىقى، دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالمايۋاتقانلىقىنى
چوڭقۇر ھېس قىلىپ، دۈشمەنگە قارشى درامىلارنى
ئويناشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. دراما ئويناش پائالىيى-
تى ئەڭ ئالدى بىلەن شۆيۈەندە قانات يايىدۇ. لىن جى-
لۇ چاۋگورىدا رول ئېلىش تالانتىنىڭ بارلىقىنى باي-
قاپ ئۇنى يېتەكلەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن چاۋگورىدىن ياپونغا

ئوقۇغۇچىلارنىڭ توغرا دۇنيا قاراش تىكلىشىگە ياردەم قىلىدۇ. ئۇلار سىياسىي دەرسنى كۆپەيتىپلا قالماستىن يەنە، بەزى يېڭى دەرسلەرنى تەسىس قىلىدۇ. لىن جىلۇ «سىياسىي ئىقتىساد ئىلمى»، «خەلقئارا سىياسەت ۋە ئېقىم سىياسىتى» دىن، لى يۇنياڭ «بىرلىكسەپ نەزەرىيەسى» دىن، چې تيەنمىن «جۇڭگو ئىجتىمائىي تارىخىي»، «جۇڭگو ئىقتىسادىي جۇغراپىيىسى»، «مائارىپ تەرەققىيات تارىخى» دىن، شۇي ليياڭ «جۇڭگو تارىخى» قاتارلىقلاردىن دەرس بېرىدۇ. ئۇلار ماركس، لېنىن ئەسەرلىرى ياكى ماركسىزم-لېنىنىزم كۆز قارىشى بويىچە يېزىلغان دەرسلىكلەرنى ئاساسىي ئوقۇتۇش ماتېرىيالى قىلىدۇ. لىن جىلۇ ئوقۇغۇچىلارغا دائىم: «بىزنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشتىن مەقسىتىمىز ئۇنى ئىشلىتىش، ھەرگىزمۇ ئۆزىمىزگە بېزەك بېرىش ئەمەس. ياشلار ئۆزىنى جەمئىيەتنىڭ تۇۋرۇكى قىلىپ يېتىشتۇرۇشى، ھەقىقىي بىلىمگە ئىگە بولۇشى لازىم. قۇرۇق ئابروينىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. يۈزەكىلا تەتقىق قىلىپ بولدى قىلىش، چوڭقۇر ئىگىلەشكە ئىنتىلمەسلىك پوزىتسىيىسى ئىستىقبالىمىزغا نوقسان يەتكۈزىدۇ» دەپ تەلىم بېرىدۇ. لىن جۇلۇ قاتارلىقلارنىڭ تەربىيىسىدە چاۋگورىن ئىنقىلاب نەزەرىيىسىنى قانماي ئۆگىنىدۇ. سىياسىي دەرسنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلاپ، دەرستىن كېيىن خاتىرىسىنى ئەستايىدىل رەتلەپ چىقىدۇ، قىرائەتخانا ۋە ساۋاقداشلىرىدىن ماركسىزم-لېنىنىزم ئەسەرلىرىنى ئارىيەت ئېلىپ

لۇڭلار»، «ھەممە ئىشتا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇ-
رۇشنى مەقسەت قىلىڭلار»، «شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش،
جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئازادلىقى ۋە ھاياتلىقى ئۈچۈن كۈ-
رەش قىلىڭلار» — دەيدۇ؛ چىتيەنمىن: «خىزمەت جەريانى-
دا ئۆگىنىڭلار، ئۆگىنىش داۋامىدا خىزمەت قىلىڭلار»
— دەيدۇ. چاۋگورىن ئۇلارنىڭ ئايرىلىش ئالدىدا قىلغان
سۆزىنى خاتىرىلىۋالىدۇ ھەمدە «مەن چوقۇم ئۇلارنىڭ بىز-
گە قالدۇرغان قىممەتلىك تەلىمىنى رىئاللىققا ئايلاندۇ-
رىمەن» دەپ ئىرادە باغلايدۇ. لىن جىلۇ قاتارلىق كىشى-
لەر گەرچە شىنجاڭ شۆيۈەندىن ئايرىلغان بولسىمۇ لې-
كىن ئۇلار تارقاتقان ئىنقىلابىي ئىدىيە چاۋگورىن ۋە
باشقا ساۋاقداشلارنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ ئۇلار-
نىڭ ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

## ساغلام ئۆسۈپ يېتىلگەن ئۈچ يىل

لىن جىلۇ يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن، كومپارتىيە
ئەزاسى گوچۈنزې شىنجاڭ شۆيۈەننىڭ ئىلمىي مۇدىرلى-
قىغا تەيىنلىنىدۇ. ئۇ لىن جىلۇنىڭ ھاۋالىسىگە بىنائەن
چاۋگورىننى داۋاملىق تەربىيىلەيدۇ. شۆيۈەننىڭ مۇدىرلى-
قىنى مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر زات دۇجۇڭيۈەن ئۆتەيدۇ. ئۇ،
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا ياردەم بېرىش،
شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئىقتىساس ئىگىلىرى
تەربىيىلەشكە پۈتۈن قان-تەرىنى سەرپ قىلىدۇ.

قارشى ئوينالغان درامىلاردىكى ئاساسلىق ئارتىس بو-
لۇپ قالىدۇ. ھەمدە مەكتەپتە ئوينالغان ياپونغا قارشى
تۇنجى دراما «خۇاڭفېيلۇڭ» دا باش قەھرىمان خۇاڭ-
فېيلۇڭنىڭ رولىنى ئېلىپ چىقىدۇ. شۇنداقلا لىن جىلۇ
ئۆزى يېزىپ ئۆزى رېژىسسورلۇق قىلغان دراما «سىگ-
نال» نى ئويناشقا قاتنىشىدۇ. بۇ دراما ئالىي، ئوت-
تۇرا مەكتەپلەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن دراما مۇسابىقى-
سىدە 1-لىككە ئېرىشىدۇ. كوچىلاردا گەردىم بىلەن ئو-
يۇن قويغاندا ئۇ ئۆز تالانتىنى تېخىمۇ نامايەن قىلىدۇ.
مانا بۇ پائالىيەتلەر جەريانىدا چاۋگورىنىڭ لىن جىلۇ
بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇقلىشىپ تېخىمۇ كۆپ
تەربىيىگە ئىگە بولىدۇ. چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتىدۇ.

شۆيۈەندىكى ئوقۇغۇچىلار لىن جىلۇ قاتارلىق كومپار-
تىيە ئەزالىرىنىڭ تەربىيىسىدە تېز ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان-
لىقىغا شېڭشىسەي ئىنتايىن ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدۇ،
ئۇ كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ياشلار ئارىسىدىكى تەسىرى-
نى چەكلەش مەقسىتىدە 1939-يىلىنىڭ بېشى «ئايرىم
ۋەزىپىگە قويۇلىدۇ» دېگەننى باھانە قىلىپ لىن جىلۇ، چى-
تيەنمىن قاتارلىق يولداشلارنى ئورۇمچىدىن يۆتكىۋېتى-
دۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان چاۋگورىنىڭ ئۇلاردىن
ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايدۇ، ئۇلارنى يوقلاپ بېرىپ يول-
يورۇق سورايدۇ. لىن جىلۇ بىلەن چى تيەنمىنمۇ مېڭىش
ئالدىدا ساۋاقداشلارغا ئايرىلىش سۆزى قىلىپ لىن-
جىلۇ: «تۇرمۇشتا ئاددىي-ساددا، ئىدىيىدە بىردەك بو-

بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇ ۋە ياپون باسقۇنچىلى-
رىغا قارشى ئۇرۇشنى تەشۋىق قىلدۇ. ئۇ، خىزمەتلەرنىڭ
شۇنچە ئالدىراشلىقىغا قارىماي ۋاقىت چىقىرىپ ستا-
لىننىڭ «مىللىي مەسىلە ھەققىدە»، لېۋابرومېۋىچ لىئون-
تېۋنىڭ «سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىدىن لېكسىيە»، خۇ-
شىڭنىڭ «دىئالېكتىكا ماتېرىيالىزم ھەققىدە دەسلەپكى
ساۋات» قاتارلىق نۇرغۇن ئىنقىلابىي كىتابلارنى ئوقۇپ
چىقىدۇ. 1941 - يىلى 5 - ئايدا ئۇلار مەكتەپكە قايتىپ
كېلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنىڭ ناھايىتى جىددىي
بولۇشىغا قارىماي ئۇ يەنىلا يازلىق كانىكۇلدا ستالىن-
نىڭ «لېنىنىزىم مەسىلىسى»، «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»
قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇپ چىقىش پىلانىنى
تۈزۈپ چىقىدۇ. ئۇ ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىلىرىد-
نى ئۆگىنىش ئارقىلىق سىياسىي جەھەتتىكى ھەق - نا-
ھەقنى پەرقلەندۈرۈش، مەسىلىلەرنى كۆزىتىش ۋە بىر
تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنى ئېنىق ئايرىۋالىدۇ. چىرىگەن،
جىنايەت بىلەن تولغان كونا جەمئىيەتتىن نەپرەتلىنىپ،
سوتسىيالىزمغا تەلپۈنىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىنتايىن
سۆيىنىدۇ. ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇ-
رۇلۇشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان كىنولارنى
كۆرگەندىن كېيىن ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ خاتىرىسىگە:
سوۋېت ئىتتىپاقى «ھەقىقەتەن پۈتۈن دۇنيا ۋە ئىنسانىي-
يەت تارىخىدىكى يېڭى ئىلغار دۆلەت بولۇشقا مۇناسىپ
ئىكەن. ئۇلار دۇنيا تىنچلىقىنى ھەقىقىي قوغداپلا قال-

1939 - يىلى 7 - ئايدا، چاۋگورىن تولۇق ئوتتۇ-
را سىنىپنى پۈتتۈرۈپ، 9 - ئايدا شۆيۈەنىڭ تىل - ئە-
دەبىيات فاكۇلتېتىغا كىردى. ئۇ ماركس، لېنىن ۋە
ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنى تېخىمۇ ئەستايىدىل ئۆگەندى.
1939 - يىلى 2 - ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى» دە رەئىس
ماۋزېدۇڭنىڭ پارتىيە 6 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى
6 - ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان «يېڭى باسقۇچ ھەققىدە»
دېگەن دوكلاتى ئېلان قىلىنغاندا چاۋگورىن گېزىتنى
تېپىپ كېلىپ ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقىدۇ ۋە خاتىرە
قالدۇرىدۇ. 1940 - يىلى 1 - ئايدا، ئۇ خەلقئارا كىتاب-
خانىدىن «سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى
(بولشېۋىكلار) نىڭ تارىخى» دېگەن كىتابنى سېتىۋېلىپ
خۇددى ئەگۈشتەر تېپىۋالغاندەك ئىنتايىن خۇشال بو-
لىدۇ ھەمدە كونكرېت ئۆگىنىش پىلانى تۈزۈپ چىقىپ
ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ بۇ كىتابنى
ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىدۇ. نەزەرىيە ئۆگىنىشنى ئىل-
گىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئەينى ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ سىنىپى-
دا پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىساد قاتارلىق تەتقىقات گۇرۇپ-
پىلىرى ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. ئۇ بۇ گۇرۇپپىلارنىڭ پائالى-
يىتىگە پائال قاتنىشىپ، ئەستايىدىل ماتېرىيال كۆرۈپ
تەتقىقات دوكلاتلىرىنى يېزىپ چىقىدۇ. 1940 - يىلى
9 - ئايدا، ئۇ، پۈتۈن سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرى بىلەن
بىرلىكتە قىشلىق كانىكۇلدىكى جەنۇبىي شىنجاڭغا سايا-
ھەتكە بېرىش ئۆمىكىگە قاتنىشىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا

شىلەرنىڭ قان - تەرىنى سۈمۈرگەن ھارامتاماقلاردۇر، ئۇلار ھامان دەۋرنىڭ ئۇلۇغ ئېقىمى تەرىپىدىن شاللىۋېتىلىدۇ.» بۇ سۆزلەردىن چاۋگورنىڭ كونا دۇنيانى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىشتەك كوممۇنىزم ئىدىيىسى چاقناپ تۇرىدۇ. ئۇ خەلق ئۈچۈن ياشاشقا، ھەرگىزمۇ جەمئىيەتتىكى ھارامتاماقلاردىن بولۇپ قالماسلىققا ئىرادە باغلايدۇ، ئۇ شەخسىيەتچىلىكتىن بەكمۇ يىرگىنەتتى. ئۇ: «شەخسىيەتچىلىك كوللېكتىپ مەنپەئەتىگە تۈپتىن زىت كېلىدۇ»، «كوللېكتىپ مەنپەئەتى ئۈچۈن شەخسىي مەنپەئەتنى شەرتسىز قۇربان قىلىشقا بولىدۇ»، دۆلەت ھالاكەت گىردابىدا تۇرۇۋاتقان جىددىي پەيتتە، بىر ئوت يۈرەك ياشتا «مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن كۆز قارىچۇقى ئىزىيۇلۇپ يۈرىكى سوغۇرۇلغان تەقدىردىمۇ ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىش» ئىرادىسى بولۇش كېرەك دەيدۇ. چاۋگوردىن شۇنداق دېگەن ھەمدە شۇنداق قىلدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقات رەسىملىرىنى سىزىش، دراما ئويناش ئۈچۈن ئىشتىن سىرتقى ۋاقتى ۋە ئويقۇسىنى قۇربان قىلىپ ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا خىزمەت قىلىدۇ، ئۇلۇغ غايىگە بولغان ئىنتىلىشىنى ياپونغا قارشى تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە سىڭدۈرىدۇ.

چاۋگوردىن ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى خۇلاسىلاپ ئالغا بېسىش قەدىمىنى خاتىرىلەش، يېزىقچىلىق ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن مۇدىر دۇجۇگېيۋەننىڭ

ماي، بەلكى دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشقا قۇربى يېتمىد-
غانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ!» دەپ يازىدۇ. ئۇ ئېقىم
ھەسىلىلىرىگە تولىمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. گېزىت ئوقۇشنى
ياخشى كۆرەتتى. ئۇ دۇنيا ۋە جۇڭگو زېمىنىنىڭ خەرى-
تىسىنى سىزىپ، كۈندىلىك گېزىتتىن كۆرگەن دۇنيا ۋە-
زىيىتى ۋە ياپونغا قارشى تۇرۇش ھەققىدىكى خەۋەرلەر-
نى ئۇنىڭغا خاتىرىلىمەكچى بولىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشقا
دىيالېكتىكا ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم
نۇقتىئىنەزەرى بىلەن قارايدۇ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مې-
نىڭچە بىزدە ئىنسانلاردا ئورتاق بولۇشقا تېگىشلىك
بەخت - سائادەت بولۇشى لازىم. لېكىن بۇ بەخت - سا-
ئادەتنى ئىنسانلار ئۆزى يارىتىشى لازىمكى ھەرگىزمۇ
ئۆزلىكىدىن كەلمەيدۇ. چوقۇم ھازىر مەۋجۇت بولۇپ
تۇرغان نامۇۋاپىق كونا، چىرىك، مۇدھىش ئىجتىمائىي
تۈزۈم بىلەن كۈرەش قىلىش لازىم. ئىنسانلار دۇنيادا
ياشاش ئۈچۈن ھازىرقى بارلىق نامۇۋاپىق توسالغۇلار
بىلەن كۈرەش قىلىشى لازىم، ئەگەر ئىنسانلاردا ھەقىـ
قەت ئۈچۈن قۇربان بولۇش روھى بولمايدىكەن، كېسەپ
ئېيتالايمەنكى مۇۋاپىق، بەختلىك، كۆڭۈللۈك يېڭى جە-
مئىيەت سىزنى ئىزدەپ كەلمەيدۇ. ئەكسىچە بىر ئا-
دەم ئىنسانىيەتنىڭ ھەقىقىي بەخت - سائادىتى ئۈچۈن
كونا، نامۇۋاپىق جەمئىيەت بىلەن كۈرەش قىلماي،
پەقەت بەختلىك، خەتىرجەم ياشاشنى ئويلايدىكەن بۇ
مۇمكىن ئەمەس. ئېرىشكەن ھالەتتىمۇ ئۇ نۇرغۇن كى-

كۆرۈشكە مەسئۇل بولۇشقا كۆرسەتتى. ئۇ بۇنىڭ قىيىن-
لىقىنى ھېس قىلغاندا مۇدىر دۇجۇكيۇەن ئۇنىڭ خا-
تىرىسىگە «ھەر قانداق ئىش تەجرىبىدىن ھوجۇتقا چى-
قىدۇ، رەئىس بولۇپ ئۆگىنىپ قالسا ئۇنىڭ قىيىنلىقى-
نى ھېس قىلمايدۇ» دېگەن سۆزنى يېزىپ، ئۇنى يۈك-
نىڭ ئېغىرلىقىنى زىممىسىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلىپ قەي-
سەرلىك بىلەن ئەمەلىيەتكە ئاتلىنىشقا رىغبەتلەندۈردى.
ياخشى ئۆگىنىش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسىي ۋەزى-
پىسى، ياخشى ئۆگىنىپ ئىقتىدارلىق بولغاندىلا ياپونغا
قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىپ چېگرىنى گۈللەندۈرگىلى
بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى چاۋ گورېن ئېنىق چۈشىنەتتى. بە-
راق ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئىجتىمائىي خىزمىتى بەكمۇ
ئالدىراش ئىدى، رەسىم سىزاتتى، دراممىغا قاتنىشاتتى، بۇ-
نىڭ ھەممىسى ياپونغا قارشى تەشۋىقاتنىڭ جىددىي ئېھتىياجى
ئىدى. ھەم خىزمەت قىلىش، ھەم ياخشى ئوقۇشقا توغرا كې-
لەتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇنىڭغا ئۇ ھەر بىر مى-
نۇت ۋاقىتنى قەدىرلەپ، تېخىمۇ كۆپ ۋاقىتنى قولغا كەل-
تۈرۈپ ئۆگىنىشنى لازىم دەپ جاۋاب بېرىدۇ. 1939 -
يىلى 11 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئۇ «ئۆزىڭىزنى
قانداق چېنىقتۇرماقچىسىز» دېگەن كىتابتىن «ئۆتۈپ
كەتكەن ۋاقىت قايتىپ كەلمەيدۇ، ۋاقىتنى قەدىرلەش
كېرەك» دېگەن جۈملىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ ئۇنىڭغا
زور ئىلھام بولدى. ۋاقىتنى ھەقىقەتەن تۇتۇپ قېلىشقا
بولمايدىغانلىقىنى شۇڭا ئۇنى ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قە-

ئوقۇغۇچىلار خاتىرە يېزىپ ئەركىن تۇرمۇشنى «دائىم، ھەر كۈنى، ئىزچىل يېڭىلاپ تۇرۇشى لازىم» دېگەن چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، 1939 - يىلى 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن تارتىپ تا قولغا ئېلىنىشىنىڭ ئالدىغىچە خاتىرە يېزىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ خاتىرە يېزىشتىكى مەقسىتىنى شېئىر شەكلى بىلەن مۇنداق يازىدۇ:

ئۆتكەن تۇرمۇشۇمدىن يېزىپ خاتىرە،
يېتىلدۈرەي كۆرەش ئىقتىدارىمنى.
يېزىپ قەغەز يۈزىگە
پۈكەي يۈرەك قېتىمغا.
شۇنداق قىلسامىلا
ئېرىشەرمەن كەلگۈسىدە
پارلاق، بەختلىك(!!!) ئەتىگە!

چاۋ گورىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى كۆرۈپ مۇدىر دۇجۇڭيۈەن ئۇنى ماختايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىگە: «ياخشى خاتىرىلەپسىز»، «خاتىرىڭىز ئىنتايىن راۋان يېزىلىپتۇ، مۇشۇنداق تەرەققىي قىلسىڭىز يازغۇچى بولۇپ يېتىلىشىڭىز تەس ئەمەس» دەپ يېزىپ قويىدۇ. خاتىرىسىدە ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرگە قارىتا ئۇنىڭغا تەلىم بېرىدۇ. بىر قېتىم ساۋاقداشلىرى ئۇنى باھار بايرىمى پائالىيىتىگە تەييارلىق

مۇنداق بىر ئىش يۈز بېرىدۇ، بىر كۈنى ئەتتىگەندە ئۇ تېكىست يادلايدۇ، بىراق دەرس باشلانغىچە يېرىمىنىمۇ دېگەندەك پىششىق يادلىيالمايدۇ. دەرس باشلانغاندا مۇئەللىم سوراپ سالسا يادلاپ بېرەلمەي يۈزۈم چۈشمىسىدى دەپ دەككە - دۈككە ئىچىدە ئولتۇرىدۇ، تەلىيىگە يارىشا مۇئەللىم ئۇنىڭدىن سورىمايدۇ. دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن ئۆزىنى تولىمۇ خىجالەتچىلىك ئىچىدە ھېس قىلىپ ئۆز - ئۆزىگە بۈگۈن قىلغىنىم توغرىمۇ؟ ئۆزۈمگە پايدىلىقمۇ؟ دېگەن سوئالنى قويۇپ، بۇنىڭغا ئۇ: «بۇ تەلەي سىنىغانلىق»، «ئۆگىنىشىمگە زىيانلىق»، «ئۆز ئۆگىنىشىمگە بولغان سەممىيەتسىزلىك، بۇ تولىمۇ نومۇسسىزلىق» — دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىدىن ئېتىبارەن، ئۇ تېخىمۇ جاپالىق ئۆگىنىدۇ، ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى تۈگىتەلمىگەندە سەھەر تۇرۇپ كەچ يېتىپ تاكى پىششىق ئىگىلىۋالمىغىچە بولدى قىلمايدۇ. ئۇ ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويغاچقا ئۆگىنىش نەتىجىسى مەيلى تولۇق ئوتتۇرا ياكى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا بولسۇن ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

چاۋ گورىن شىنجاڭ شۆيۈەندە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە تىرىشىپ ئۆگىنىپلا قالماستىن بەلكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقات خىزمىتىگە ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا قاتنىشىدۇ. بولۇپمۇ رەسىم سىزىش، دراما ئويناش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك خىزمەت كۆرسىتىدۇ.

دىرلىگەندەك قەدىرلەش لازىملىقىنى ھېس قىلىدۇ ۋە «مەن ئۆز ھاياتىمنى قەدىرلەش ئۈچۈن، ئالتۇنغىمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدىغان ۋاقىتنى تېخىمۇ قەدىرلەيمەن» دەيدۇ. چاۋ گورىن ئۆگىنىش، خىزمەت ۋاقتىنى ئىنتايىن چىڭ تۇتىدۇ. ۋاقىتنى بوش ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئۆگىنىش، خىزمەت ۋە بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيەتلى- رىنى ناھايىتى زىچ ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۆزىنىڭ پىلانىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، بارلىق ناتوغرا ئىدىيىلەر بىلەن كۈرەش قىلىدۇ. 1939 - يىلى 3 - ئاينىڭ مە- لۇم بىر كۈنى مەكتەپ ھەربىي مەكتەپتىن بىر ۋالىبول ئارىيەت ئېلىپ كېلىدۇ. ۋالىبول ھەۋەسكارى بولغان چاۋگورىننىڭ ئالقانلىرى قىچىشىپ تولىمۇ ئوينىغۇسى كېلىدۇ، بىراق ئۇ شۇئان پىلانىنى خالىغانچە ئۆزگەر- تىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ بۇ نىيىتىدىن قايتىدۇ. بەلگىلىگەن ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى تاماملىغاندىن كېيىنلا ئاندىن بېرىپ ئوينايدۇ. دېمەك ئۇ بۇ سىناقتىن ئۆت- تىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئىزچىل تۇردە مۇشۇنداق قىلالىسام لا تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىشتە چوقۇم زور ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيمەن». ئۇ ھەقىقەتەن ۋاقىتنى قەدىرلەش بە- لەن تېخىمۇ كۆپ ئۆگىنىش ۋاقتىنى قولغا كەلتۈرۈپ ياخشى ئۆگىنىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شەرتلەرنى ھازىرلايدۇ.

چاۋ گورىن ئۆگىنىشتە مىنۇت - سېكۇنتنى قەدىر- لەپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ قىلچە بىپەرۋالىق قىلمايدۇ. 1939 - يىلى 2 - ئايدا

رەسسام ۋە ماقالىلەرنى ئەۋەتىپ تۇردى. ئۇنىڭ ماھىر قولى بىلەن سىزىلىپ چىققان سۈرەتلەر كەڭ ئاممىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ غەلبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرۈشىگە ئىلھام بەردى.

چاۋگورىنىڭ سەنئەت تالانتى يولداش لىن جىلۇنىڭ تەربىيىسىدە يېتىلگەن. 1939 - يىل 3 - ئايدا، ماۋدۇن شۆيۈەنگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قىزغىن يېتەكلىشى ئارقىسىدا چاۋگورىن، جاڭ جىيۈەن، جاۋمىڭ قاتارلىق ئوقۇغۇچىلار ئۈچ پەردىلىك ئاخبارات دراممىسى «يېڭى شىنجاڭ مارشى» نى كوللېكتىپ ئىجاد قىلدى. دراممىنى يېزىشقا قاتناشقانلىق ئۈچۈن چاۋگورىن ئۆزىنى تەلەيلىك ھېس قىلدى. چۈنكى بۇنىڭدا ماۋدۇننىڭ باھاسى ۋە تەلىمگە بىۋاستە ئېرىشەلەيتتى. دراممىنى ماۋدۇن تۈزىتىپ چىققاندىن كېيىن، چاۋگورىن رول ئېلىشقا قاتناشتى. 1939 - يىل 7 - ئايدا، شىنجاڭ شۆيۈەننىڭ يازلىق كانىكۇلىدىكى ئىلىغا بېرىش خىزمەت ئۆمىكى شىمالىي شىنجاڭغا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى ۋە «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى تەشۋىق قىلىشقا بارغاندا يول بويى بۇ دراممىنى قويۇپ ماڭغانچقا ئۇنىڭ تەسىرى پۈتۈن شىنجاڭغا تارىلدى.

1939 - يىلى مەشھۇر سەنئەتكار جاۋدەن، ۋاڭۋېيى، چۈجىننىڭ قاتارلىقلار شىنجاڭغا كېلىدى. ئۇلارنىڭ كېلىشى شىنجاڭنىڭ دراما ئىشلىرىنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈردى. ئۇلار سان جەھەتتىن ئاز بولغانلىقتىن شىن-

ئۇ كىچىكىدىنلا رەسىم سىزىشقا قىزىققاچقا
شۆيۈەنگە كىرگەندىن كېيىن رەسىم سىزىش ماھارىتى
كۆرۈنەرلىك ئۆسىدۇ، ئۆگىنىش ۋەزىپىسى گەرچە ناھا-
يىتى ئېغىر بولسىمۇ لېكىن ئۇ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى رەسىم سىزىش — ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم
بەرگەنلىك دەپ قارىغاچقا ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان رەسىم
سىزىش ۋەزىپىسىدىن ھەرگىز باش تارتماي دائىم كىنو
كۆرۈش ۋە چېنىقىش ۋاقىتلىرىنى قۇربان قىلىپ رەسىم
سىزىدۇ. سىزغاندىمۇ ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن
مۇكەممەل، تەبىئىي سىزغاچقا ھەر ھېيت-بايراملاردىكى
پائالىيەتلەردە ئۇ سىزغان چوڭ تېپتىكى رەسىملەر مەيلى
يىغىن مەيدانىغا قويۇلغان ياكى نامايىشلاردا ئىشلىتىل-
گەن بولمىسۇن ھامان ئامىمىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر
بولماي قالمايدۇ. بىر قېتىم شەھەر بويىچە چوڭ يىغىن
ئېچىلغاندا ئۇ سىزغان بىر جوڭگۇلۇق ھەربىينىڭ ئات
ئۈستىدە ھەيۋەت_بىلەن قىلىچ ئويىنىتىپ ياپون ئال-
ۋاستىلىرىنىڭ كاللىسىنى ئېلىۋاتقان رەسىمى ئامىمىنى
ناھايىتى روھلاندۇرىدۇ. لۇشۈن ئەپەندى ۋاپاتىنىڭ
ئۈچ يىللىقىنى خاتىرىلىگەندە ئۇ، جۇڭگو يېڭى مەدەنى-
يىتىنىڭ تەشەببۇسكارى بولغان بۇ ئۇلۇغ شەخسكە بول-
غان چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن
مەرھۇمنىڭ سۈرىتىنى ئويۇپ چىقىپ تېخىمۇ كۆپ ئا-
دەمنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇ ھەمىشە
«شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ياشلىرى»غا ياپونغا قارشى

1941 - يىل 8 - ئايدا قولغا ئېلىنغىچە بولغان ئىككى يېرىم يىل ئىچىدە ئۇ يەنە «لەيلىدەش»، «يالۇڭجياڭ بويىدىكى بوران - چاپقۇن»، «مىللىي روھ»، «لوگۇچياۋ كۆۋرۈكى»، «يىڭتيەن بازىرى»، «قىزىلقان تاش يۈرەكلەر»، «تەيئەرجۇاڭ كەنتى» قاتارلىق ئون نەچچە درامىنى ئويناشقا قاتنىشىپ تىيانشاننىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى قېزىپ ئاممىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتتى، شىنجاڭنىڭ دراما ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆز تۆھپىسىنى قوشتى. شىنجاڭنىڭ يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىدە بەلگىلىك رول ئوينىدى.

چاۋگورىن سەنئەت تالانتى جەھەتتىن كۆزگە كۆرۈنۈپلا قالماستىن تەنتەربىيە پائالىيىتىدىمۇ ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈندۇ. ئۇ مەكتەپ ۋاسكېتبول، ۋالىبول كوماندىسىنىڭ ئەزاسى، بىر قېتىملىق تەنتەربىيە يىغىنىدا 10 مىڭ مېترغا يۈگۈرەشتە 1 - بولغان. ئۇ تەنتەربىيىگە قىزىقىپلا قالماستىن، تەنتەربىيە پائالىيىتى ئارقىلىق ئۆز ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇشقا تېخىمۇ دىققەت قىلاتتى. ئۇ ھەر كۈنى قوش تورنىڭ ئويناشنى ئادەت قىلىۋالغان بولۇپ، بىر كۈنمۇ ئۈزۈلدۈرمەي چېنىقىپ ئۆزىنىڭ ھەر قانداق ئىشتا باشتىن - ئاخىر بوشاشماس ئىرادىسىنى يېتىلدۈردى.

جاڭ شۆيۇەن بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلەيدۇ. شۆيۇەن چاۋگورىن قاتارلىق سەنئەت تالانتى بىر قەدەر ئوبدان ساۋاقداشلارنى ئۇلار بىلەن بىرگە ئويۇن قويۇشقا چە- قىرىپ بېرىدۇ. ئۇلار تۇنجى قېتىم ياپونغا قارشى دراما «كۇرەش» نى ئويناپ چىقىدۇ. رېپېتىتسىيە جەريانىدا جاۋدەن ئۇلارنى قاتتىق مەشىق قىلدۇرۇپ ھەتتا ئار- تىسلارنىڭ سەھنە سۆزىنى يادلاش ئاھاڭلىرىغىچە ئەس- تايىدىل تۈزىتىدۇ. بۇ جەريانىدا چاۋگورىننىڭ رول ئېلىش ماھارىتى تېخىمۇ ئاشىدۇ. 1940-يىل 9-ئايدا ئۇ قىشلىق كانىكولدىكى ساياھەت ئۆمىكى بىلەن بىرگە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بېرىپ ئويۇن قويۇش- قا قاتنىشىدۇ. ئۇ مەسئۇل بولغان دراما كۆرۈپچىلەرد- كىلەر ئاساسلىق «كۇرەش» درامىسىنى ئوينايدۇ. ئۇ، ياپون ئوفىتسېرىنىڭ رولىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ چىقىپ، ياپون ئالۋاستىلىرىنىڭ ئادەم قىياپىتى- دىن چىققان ۋەھشى ئەپتى - بەشىرىسىنى شۇنداق ئې- چىپ تاشلايدۇكى ياپون ئوفىتسېرى شام بىلەن ياپونغا قارشى ياشنىڭ دۈمبىسىنى كۆيدۈرگەن ۋاقىتتا تۆۋەن- دىكى تاماشىبىنلار غەزەپكە كېلىپ «ياپون جاھانگىرلى- كىنى يوقىتايلى!» دەپ شوئار توۋلايدۇ، نۇرغۇن كى- شىلەر سەھنىگە بېسىپ چىقىپ ئۇنى ئۇرماقچىمۇ بولىدۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ كۈندىلىك خاتىرىسىگە سەھنىدىن ئۇرۇپ چۈشۈرۈلۈش خەۋپىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىل- غانلىقىنى يېزىپ قويىدۇ. 1939 - يىلىنىڭ بېشىدىن

يىن پەرىشان ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ ئالدىراپ-سالدى-
راپ قول چوماقچىلارغا ئۇنى سوت مەيدانىدىن ئېلىپ
چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇ يىلىنىڭ ئالدىنقى
يېرىمىدا چاۋ گوردىن ئاخىرى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن
ئۆلتۈرۈلدى. قۇربان بولغاندا ئۇ ئەندىلا 22 ياشتا ئىدى.
ئۇنىڭ تۆھپىلىرىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1985 - يىل 12 -
ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تو-
نۇشنى تەستىقلىدى، ئىنقىلابىي قۇربان چاۋ گوردىن مەڭ-
گۈ ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولۇپ
قالغۇسى.

## مەردلەرچە قۇربان بولۇش

چاۋ گورىن ساغلام ئۇسۇپ يېتىلىۋاتقان پەيتتە. شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل قىياپىتىنى ئوچۇق ئاشكارىلاپ، 1941 - يىلى 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى كېچىدە، «ئىسيان كۆتۈرۈش سۇيقەستىدە بولغان» دېگەن جىنايەتنى ئويدۇرۇپ چىقىپ چاۋ گورىن ۋە ئۇنىڭ بىر قانچە ساۋاقدىشىنى قولغا ئېلىپ 2 - تۈرمىنىڭ غەربىي 3 - كامېرىغا قامايدۇ. تۈرمىدە ئۇ كۆپ قېتىم قاتتىق قىيىن قىستاققا ئېلىنغان بولسىمۇ قىلچە باش ئەگمەيدۇ، بەلكى لاي بىلەن لېنىننىڭ باش ھەيكىلىنى ياساپ ئۆز ئېتقادىنى بىلدۈرىدۇ. 1942 - يىلى 2 - ئايدا، شېڭ شىسەي ئاممىنى ئالداپ ئۆزىنىڭ دۇجۇڭيۈەن قاتار-لىق ئىلغار زاتلارغا قىلغان زىيانكەشلىكىنى يوللۇق دەپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ شەرقىي باغ-چىسىدا ئاتالمىش قايتا ئوچۇق سوت يىغىنى ئاچىدۇ، يىغىنغا ھۆكۈمەتنىڭ ھەر قايسى ئاپپاراتلىرى ۋە شىنجاڭ شۆيۈەن، 1 - ئوتتۇرا، سىفەن مەكتىپىنىڭ مەس-ئۇللىرى قاتنىشىدۇ. سوت قىلىش نۆۋىتى چاۋ گورىنغا كەلگەندە ئۇ ئاما ئالدىدا شېڭ شىسەينىڭ رەھىمسىز جازالاش، قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇش ۋاسىتىلىرىنى قول-لىنىپ ئىلغار زاتلارغا زىيانكەشلىك قىلغان جىنايى قىل-مىشلىرىنى كەسكىن ئېچىپ تاشلايدۇ، دۈشمەنلەر ئىنتا-

رىنىڭ بىۋاسىتە تەربىيىسى ۋە يېتەكچىلىكىدە تېز ئۆسۈپ يېتىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئۆز تۆھپىسىنى قوشتى.

ئىنقىلابىي قۇربان تيەن يۈيگۈي دەل مۇشۇ ئىلغار ۋەتەنپەرۋەر ياشلار ۋەكىللىرىنىڭ بىرى ئىدى.

تيەن يۈيگۈي (تەخەللۇسى رۈي چۈ)، 1917 - يىل 8 - ئايدا گەنسۇ ئۆلكىسى مىنچىڭ ناھىيىسىنىڭ شىنخې يېزىسىدىكى (سىبا) تيەنجيا پىلىڭ دېگەن جايىدا تۇغۇلغان. 1924 - يىلى قەھەتچىلىك دەستىدىن ئاتا - ئانىسى بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن.

تيەن يۈيگۈينىڭ ئاتىسى تيەن ەنگجى «تۆت كىتاب»، «بەش نوم»نى ئوقۇغان. دۇكان خىزمەتچىسى، ئادەتتىكى خىزمەتچى بولغان. ئىشسىز قالغاندىن كېيىن ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئاپىسى ۋاڭ سى ساۋاتسىز يېزا ئايىلى بولۇپ، ئۆمۈر بويى ئائىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ ئائىلىسىدە بىر كىيىم تىكىش ماشىنىسى بولۇپ، دۇبەن مەھكىمىسى ئاشلىق، كىيىم - كېچەك باشقارمىسىنىڭ ھەربىي كىيىم ۋە پايپاقلىرىنى تىكەتتى. ئاتا - ئانىسىنىڭ ئايلىق كىرىمى بىلەن پۈتۈن ئائىلىنىڭ تۇرمۇشى ئاران قامدىلاتتى.

1925 - يىلى كۈزدە، تيەن يۈيگۈي ئۈرۈمچى شەھەرلىك جۇڭسەن باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرىدۇ. ئۇ بېرىلىپ ئوقۇپ ھەرگىز دەرس تاشلىمايدۇ. ئۇ ئىنتىزامچان، تىرىشىپ ئوقۇيدىغان، تاپشۇرۇقلارنى ئوبدان

# «پارلاق يولدا مېڭىشقا ئىرادە باغلىدىم!»

ئىنقىلابىي قۇربان تيەن يۈيگۈينىڭ قىسقىچە
تەرجىمھالى

### چېن دېجۈن (يازغان)، جۇ ياڭگۈي، لۇ ياپىڭ

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە قولغا كەلتۈرۈپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا ئورتاق قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ دۇ بەنى شېڭ شىسەي بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ ئورناتتى ھەمدە شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپىگە بىنائەن يەنئەندىن بىر تۈركۈم كوممۇنىستلارنى ئەۋەتتى. ئۇلار يولنىڭ يىراقلىقىغا قارىماي شىنجاڭغا كېلىپ ئىشلىدى.

پارتىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى تازا ئەۋج ئالدى. شىنجاڭ بىر مەھەل «ئىككىنچى يەنئەن»دەپ ئاتالدى. شىنجاڭ شۆيۈەنىدىكى ھەر مىللەت ياشلىرى جۇڭگو كوممۇنىستلى-

بىلىمگە، غايىگە ئىگە ئىختىساس ئىگىسى قىلىپ تەربى-
يىلەپ چىقىشقا كۆڭۈل بۆلدۇ.

1937 - يىلى، پارتىيىمىز شىڭ شىسەي بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ قۇرغان-دىن كېيىن، پارتىيىمىز شىڭ شىسەينىڭ تەكلىپىگە بىنا-ئەن يەنئەندىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 100 دىن ئار-تۇق كوممۇنىستنى شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتىدۇ. بۇ كوم-مۇنىستلار شىنجاڭدا پارتىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ سىياسىتىنى سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلىدۇ، شىڭ شىسەينىڭ تۇرلۇك قۇرۇلۇش ئىشلى-رىغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىدۇ، ياپون باسقۇنچى-لىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش تەشۋىقاتىنى پائال ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا، شىنجاڭنىڭ تۇرلۇك قۇرۇ-لۇش ئىشلىرى ئۇچقاندەك راۋاجلىنىپ، ياپون باسقۇن-چىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇ-زۇش پائالىيىتى ئۈزلۈكسىز ئۇلغىيىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا، شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ ھەر مىللەت ياش - ئوقۇغۇچىلىرى كوچىلاردا ئېلىپ بېرىلغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقاتقا پائال قاتنىشىپ، كو-چا - دۇقمۇشلاردا نۇتۇق سۆزلەپ، ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنى ئورۇنلاپ، ئاممىنىڭ ياپون باشقۇنچىلىرىغا قارشى غەزەپ ئوتىنى ئۇلغايتىپلا قالماستىن، بەلكى ئال-تۇن تەقدىم قىلىش پائالىيىتىنى كونكرېت تەشكىللەيدۇ. مەكتەپتە ماركسىزملىق نەزەرىيە تەربىيىسى ئالغان ۋە

ئەشلەيدىغان ياخشى ئوقۇغۇچى ئىدى. ئۇ، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئالتە يىللىق ئۆگىنىشنى ئوقۇشلۇق ئاياغلاشتۇرۇپ، 1932 - يىلى كۈزدە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ كىردى. بۇ ئۈچ يىللىق مەكتەپ ئىدى. يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى يەنىمۇ ئاشتى، مول غايىگە ئىگە بولدى، دۆلەت ۋە خەلق ئالدىدا ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىش ئىرادىسىگە كەلدى. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۇ، ئەخلاقلىق، ئەلاچى ئوقۇغۇچى ئىدى. ئۇ كىتاب ئوقۇپ ئەدەب - قائىدىلەرنى چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئائىلىدە ئاتا - ئانىسىنى ھۆرمەتلەيتتى، ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللىرىغا كۆيۈنەتتى. قورۇدىكى ۋە مەھەللىدىكى ياشلار بىلەن ئىناق ئۆتەتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا بىلىم ئېلىش، ئالغا ئىنتىلىشتە ئىنتىلىدىغان بىر توپ ياشلار يىغىلغانىدى.

1935 - يىلى يازدا، تيەن يۈيگۈي ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئەلا نەتىجە بىلەن شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ سىياسىي ئىقتىساد فاكۇلتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ كىرىپ ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى باشلىدى. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ شۆيۈەن شىنجاڭدا بىردىن - بىر ئالىي بىلىم يۇرتى ئىدى. 1935 - يىلدىن باشلاپ سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى يۈي شۇسۇڭ مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ئۆتەيدۇ، شەخسەن ئۆزى دەرس ئۆتىدۇ. ئۇ، ماركسىزملىق نەزەرىيە دەرسى ۋە سىياسىي دەرس تەسىس قىلىپ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاپ، بىر ئەۋلاد ياشلارنى

تەرىپىدىن بىردەك ئېتراپ قىلىنغان ئاكتىپلاردىن بىرى ئىدى.

تيەن يۈيگۈي قىسمەن ئىجتىمائىي خىزمەتلەرنىمۇ ئۈستىگە ئالغان. ئۇ، بايرام، تەتىل كۈنلىرى مەكتەپ تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ كوچىلارغا چىقىپ ئەدەبىيات-سەنئەت نومۇرلىرى قويۇش ۋە نوتۇق سۆزلەش پائالىيەتلىرىدىگە قاتناشقان. ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى پۇل ۋە نەرسە - كېرەك تەقدىم قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ياردەم قىلىشقا سەپەرۋەر قىلغان. جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقى ئالتۇن ۋە نەرسە - كېرەك ئىئانە قىلىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. ئىئانە پۇلغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سېتىۋېلىنغان ئايروپىلان، قورال - ياراق، ئوق-دورا، كىيىم - كېچەك ۋە دورىلار ئالدىنقى سەپكە يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

تيەن يۈيگۈينىڭ ئوقۇش نەتىجىسى ئەلا، ئىدىيەسى ئىلغار بولغانلىقتىن، 1938-يىلى كۈزدە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ ئىلمىي بۆلۈمىگە ئېلىپ قېلىنىپ، ئىلمىي مۇدىر، پارتىيە ئەزاسى لىن جىلۇغا ياردەمچى قىلىندى.

ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ مەتبەئەچىلىك شارائىتى ناھايىتى ناچار بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش ماتېرىياللىرىنىڭ بىر قىسمى سوۋېت ئىتتىپا-

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن تيەن يۈيگۈي تېز ئارىدا غايىلىك، ئىرادىلىك ئىنقىلابىي زىيالى ياش بولۇپ يېتىلدۇ.

ماركسىزمدىن ئىبارەت بۇ ئىلغار ئىدىيىۋى قورالنى ئىگىلەش ئۈچۈن، تيەن يۈيگۈي ماركسىزم - لېنىنىزم ئەسەرلىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغا ئائىت ئەسەرلەرنى تەشنالىق بىلەن ئۆگەندۇ. ئۇنىڭ ئائىلىسى نامرات، كىتاب سېتىۋېلىشقا پۇلى بولمىغاچقا، باشقا بىر ساۋاقدىشى بىلەن تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرىدۇ. ئۇ، بۇنىڭدىن كىرگەن كىرىمىنىڭ كۆپ قىسمىغا ماركسىزمنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرى ۋە دەرسلىك كىتابلارنى سېتىۋېلىپ ئىخلاس بىلەن ئوقۇپ مۇھاكىمە قىلىدۇ ھەمدە ساۋاقداشلار ئارا مۇھاكىمىنى قانات يايدۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىدۇ. ئۆگىنىش ۋە ئىنقىلاب ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۇ ئىدىيىدە ناھايىتى تېز يۈكسىلىدۇ، ئىنقىلابىي كىشىلىك تۇرمۇش كۆز قارىشىنى تىكلەپ، تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى تېخىمۇ ئاكتىپ قانات يايدۇرىدۇ. ئۇ، مەكتەپتە سىنىپ كادىرى، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كادىرى ۋە مەكتەپ جاھانگىرلىككە قارشى شۆبە ئۇيۇشمىسىنىڭ كادىرى بولغان. ئۇ، بۇ پۇرسەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ ئاممىۋى خىزمەتنى تىرىشىپ ئىشلىگەچكە ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىلار

پائالـ سىرتقى دەرستىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ .كۆچەيتتى
جەمئىيەتكە ئوقۇغۇچىلارنى ،ئۈچۈن بېيىتىش يىتىنى
- ئەدەبىيات قارشى باسقۇنچىلىرىغا ياپون ،يۈزلىنىپ
بۇ .قىلدى سەپەرۋەر ئويناشقا نومۇرلىرىنى سەنئەت
ئىخـ سەنئەت - ئەدەبىيات ،چېنىقتى ئۇلار جەرياندا
قابىلىيـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ،يېتىلدى ئىگىلىرى تىساس
«ئىتتىـ تۈزگەن لىنجىلۇ مۇدىر ئىلمىي ئۇ .ئاشتى تى
-بو ساددا - ئاددىي ،بولۇش جىددىي ،بولۇش پاق
-سۆز سەككىز ئىبارەت تىن «بولۇش جانلىق ،لۇش
قارشى ياپونغا يەنئەن ۋە مىزانى مەكتەپ لۈك
-ئەمە نەزەرىيىنى ،دۆلگە داشۆنى مەمۇرىي - ھەربىي
-مائا قىلغان فاكجىنى ئوقۇتۇش تەتبىقلاشنى لىيەتكە
كۆچ زور قويۇشتا يولغا ئىدىيىسىنى يېتەكچى رىپ
-باسقۇن «ياپون شۆيۈەنىنى لىنجىلۇنىڭ .قىلىدۇ سەرپ
قىلىپ «داشۆ مەمۇرىي - ھەربىي - 2 قارشى چىلىرىغا
ئىشقا ئىرادىسىنى ئۇلۇغۋار ئىبارەت چىقىشتىن قۇرۇپ
.ياردەملىشىدۇ بىرىچە كۆچىنىڭ ئاشۇرۇشقا

تەرەققىياتى تىنىڭ ۋەزىيە - تاشقى ،ئىچكى لېكىن
تەسىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزالىرىنىڭ كومپارتىيە ۋە
-كومۇ ئىشلەۋاتقان شىنجاڭدا شىڭشىسەيدە كېڭمىيشى
شىنجاڭ ،بولۇپمۇ .قىلىدۇ پەيدا گۇمان نىستلارغا
ۋە ۋەزىيىتى سىياسىي تېتىك ،جانلىق شۆيۈەنىڭ
- دەككە شىڭشىسەينى كەيپىياتى ئىنقىلابىي قويۇق
شۆيۈەندىكى ۋە لىنجىلۇ ،ئۇ شۇڭا .سالىدۇ دۈككىكە

قىمدىن ئىمپورت قىلىنغان ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئې-
لىپ كېلىنگەندىن سىرت، كۆپ قىسمىنى مەكتەپ
ئادەم تەشكىللەپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس تېزىسىنى
شاپىگرافتا بېسىپ ئوقۇغۇچىلارغا تارقىتىپ بېرەتتى.
بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشتا، تيەن يۈيگۈي يۈرەك قېنى-
نى سەرپ قىلدى. ئۇ ھارماي - تالماي قېتىرقىنىپ
ئىشلىدى. بۇنىڭ سىرتىدا، ئۇ يەنە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ
دەرسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۈرلۈك
پائالىيەتلىرىنى تۇتۇشقا مەسئۇل ئىدى. شۆيۈەننىڭ
رەھبەرلىكىدە، ئۇ ئوقۇغۇچىلار پائالىيىتىنى ئاكتىپ
قانات يايدۇردى. ئوقۇغۇچىلارنى شىنجاڭ خەلقىنىڭ
جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئويۇشمىسى قاتارلىق
ئىلغار تەشكىلاتلارغا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلدى،
ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
تەشۋىقات پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ، كۆپچىلىكنىڭ
ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى قوزغىدى. ئوقۇغۇچىلار-
نىڭ تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئىلمىي باش-
قارمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئوقۇغۇچىلارنى تەش-
كىللەپ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى پائال قانات
يايدۇردى. مەسىلەن، يېنىك ئاتلېتكا، توپ تۈرلىرى
پائالىيەتلىرى ۋە بايرام كۈنلىرى، قىشلىق، ئەتىياز-
لىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىنى تەشكىللەپ، ئوقۇغۇ-
چىلارنى بەدەن چېنىقتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قى-
لىپ، ئۇلارنىڭ ساپاسىنى ئاشۇرۇپ، تەن ساغلاملىقىنى

ىشقا ئىنتىلىدىغان ئۇقۇغۇچىلار شۆيۈەندە ئىشلەۋاتقان كومپارتىيە ئەزالىرىغا يېقىنلىشىشنى تېخىمۇ خالايدىغان بولۇپ قالدى. ھەيۋە بىلەن قورقۇتالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن شېڭشىسەي لىن جىلۇنىڭ ئىنقىلابىي تەسىرىنىڭ يەنىمۇ كېڭىيىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى 1939 - يىل 1 - ئايدا «خىزمەت ئېھتىياجى» دېگەن باھانە بىلەن ئۆلكە مەركىزىدىن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا يۆتكەشنى قارار قىلدى. تيەن يۈيگۈي بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، كۆڭلى ئىنتايىن غەش بولۇپ كېچىلىرى ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ. ئىلمىي مۇدىر لىن جىلۇ شۆيۈەنگە كەلگەندىن كېيىن يۈكسەك جاسارەت ۋە تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەكتەپ ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش، ئىقتىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى تەشۋىق قىلىشتا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ تالانتى ۋە بىجانىدىللىق روھىنى نامايەن قىلغاچقا ئۇنىڭغا ھەر ۋاقىت چوڭقۇر تەسىر بەرمەي قالمىغانىدى. لىن جىلۇ گەرچە ئۆزىنىڭ كومپارتىيە ئەزاسىلىق سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىمىغان بولسىمۇ، تيەن يۈيگۈي لىن جىلۇنىڭ ھەر بىر سۆز ھەرىكىتىدىن، ئۇنىڭ كەمتەر، ئىرادىلىك، ئوچۇق-يورۇق، شەخسىيەتچىلىكى يوق كوممۇنىست ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشەنگەنىدى، شۇڭا ئۇ چىن كۆڭلىدىن ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇ، پەقەت مۇشۇنداق كىشىلەرگە ئەگىشىپ

ئىلغار كۈچلەرگە زەربە بېرىشكە باشلاپ، لىن جىلۇنىڭ ئاھما ئىچىدىكى ئابرويىنى چۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. 1938 - يىل 10 - ئايدا «7 - ئىيول» ياپۇن باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ خاتىرە كۈنى لىن جىلۇ ياپۇن باسقۇنچىلىرىغا قارشى ناخشا توپلىمىنى بېسىپ تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ تىتتۇلىغا ماركىس، ستالىن، ماۋزېدۇڭ، جۇدې ۋە شېڭشىسەينىڭ رەسىمى بېسىلغانىدى. شېڭشىسەي ئۆز سۈرىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا بېسىلغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق نارازى بولىدۇ ھەمدە ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن «ناخشا توپلىمى» نى باستۇرغان. دېگەننى باھانە قىلىپ لىن جىلۇغا چوڭ گۇناھ يېزىش بويرۇقىنى چۈشۈرىدۇ. بۇ خەۋەر تارقىلىش بىلەنلا شۆيۈەندىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ۋە جەمئىيەتتە غۇلغۇلا پەيدا قىلىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر شېڭشىسەينىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى يەنىمۇ تونۇپ يېتىپ، ئىلمىي مۇدىر لىن جىلۇغا تېخىمۇ قايىل بولىدۇ. لېكىن ئاز ساندىكى كىشىلەر لىن جىلۇ بىلەن ئۇچرىشىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا تيەن يۈيگۈي لىن جىلۇ بىلەن تېخىمۇ يېقىن مۇناسىۋەتتە بولىدۇ، ئۇ تاپشۇرغان تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك ئورۇنلايدۇ.

لىن جىلۇ شېڭشىسەينىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ قالمايدۇ ياكى ئۇنىڭدا قىلچە مۇرەسسە قىلىپ باش ئېگىش ئىپادىسى كۆرۈلمەيدۇ. ئەكسىچە ئالغا بې-

تىيەن يۈيگۈي خىزمەتنى تىرىشىپ ئىشلەپ، تولۇپ-تاش-
قان ھاياتىي كۈچىنى نامايەن قىلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتى-
كى ئاقسۇ ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، كومپارتىيە
ئەزاسى خۇاڭمىنفۇ (خۇاڭخوچىڭ) نىڭ قوللىشى بىلەن،
لىن جىلۇنىڭ يۆتكىلىپ كېتىشتىن بۇرۇنقى يېتەكچى-
ئىدىيىسىگە ئاساسەن، لىن جىلۇ تۈزگەن ئاقسۇنىڭ مائا-
رىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇ-
رۇشقا تۇتۇش قىلىدۇ.

ئۇلار ئالدى بىلەن ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى
ئارىسىدا باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋى-
قاتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ مەدەنىيەت
ئېھتىياجىغا بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ مە-
دەنىيەت ئۆگىنىش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ، پەرزەنلىر-
نى مەكتەپكە بەرگۈزىدۇ. ئىككىنچىدىن، ھۆكۈمەت پىلان-
لىق ھالدا مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ مەكتەپ سالغانىنىڭ
سىرتىدا، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكى-
لاتلارنى مەكتەپ ئېچىشقا سەپەرۋەر قىلىدۇ. نەتىجىدە
ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ھەر خىل مەكتەپلەر
كۆپىيىپ، مەكتەپكە كىرگەن ئوقۇغۇچىلار كۆپلەپ ئاشى-
دۇ. ئۈچىنچىدىن، ئوقۇتقۇچىلارنى كۆپلەپ تەربىيىلەپ
ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى راۋاجلاندۇرىدۇ. ئاقسۇنىڭ ما-
ئارىپ ئىشلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش
ئۈچۈن، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە بىر ئاددىي دارىلمۇئەللىمىن
ئېچىلىدۇ. شۇ جاينىڭ مائارىپقا بولغان ئېھتىياجىغا

ماگغانددلا دۆلەت ۋە مىللەت ئۈچۈن ئاسمان-زېمىننى زىل-زىلىگە كەلتۈرگۈدەك ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئوبدان تونۇپ يەتكەچكە، قىلچە ئىككىلەنمەي لىن جىلۇ بىلەن ئاقسۇغا بېرىپ ئىشلەش قارارىغا كېلىپ، ئىككىنچى كۈنى لىن جىلۇغا ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى ئېيتتى. لىن جىلۇ:

— مەن بىلەن بارساڭ كۆپ جاپا چېكىسەن، — دېدى، — تيەن يۈيگۈي، — مەن قورقمايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى. لىن جىلۇ: «شىڭشىسەي ھەسەتخور ئادەم، مەن بىلەن بىللە مېڭىش ساڭا پايدىسىز» دېدى. تيەن يۈيگۈي: «مەن ھەممىگە تاييارلىق كۆرۈپ قويدۇم، سىز ماڭغان يولنى تاللىدىم. بۇنىڭ پارلاق، توغرا يول ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن، مەن بۇ يولدا ئاخىرغىچە مېڭىشقا بەل باغلىدىم» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنداق قىلىپ تيەن- يۈيگۈي قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ھالقىلىق پەيتتە باش- قىلار تەرىپىدىن قارىلانغان كوممۇنىستقا ئەگىشىپ ئىنقىلاب يولىغا قەدەم تاشلىدى. 1939-يىل يازدا ئاقسۇغا كېلىپ مائارىپ ئىدارىسىدە ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. ئۇ ئاقسۇغا كەلگەندىن كېيىن، ئەينى ۋاقىتتا شۇ يەردە ئىشلەۋاتقان پارتىيە ئەزالىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇردى، ئۇلار بىلەن يېقىن ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ تەربىيىسى ۋە تەسىرىنى داۋاملىق قوبۇل قىلدى.

لىن جىلۇ ئاقسۇغا ئالمىشىپ يېرىم يىل بولا-بولا يەنە كۈچا ناھىيىسىگە ھاكىم قىلىپ تەيىنلىنىدۇ.

شىڭشىسەي بۇنىڭغا ھەسەتخورلۇق قىلىدۇ. شىڭشىسەي ئادەم ئۆلتۈرۈشنى بۇرۇنلا يوشۇرۇن پىلانلاپ يۈرگەنىدى. كومپارتىيە ئەزالىرىغا ۋە ياشلار ئارىسىدىكى ئىلغار كۈچلەرگە يەنىمۇ زەربە بېرىش ۋە ئۇلارنى يەتىم قالدۇرۇش مەقسىتىدە 1941 - يىل 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ «ئىسيان كۆتۈرۈش سۇيىقەستى ئەنزىسى»گە چېتىشلىق دەپ تېيەن يۈيگۈينى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلاپ، قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئېلىپ، «كوممۇنىستلار توپىلاڭ قىلىش سۇيىقەستىنى تەشكىللىگۈچى» دەپ ئىقرار قىلىشقا زورلايدۇ. تېيەن يۈيگۈي تۈرمىدە قىلچە باش ئەگمەيدۇ، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمايدۇ، ئەكسىيەتچى دائىرىلەر ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ. دۈشمەنلەر شەرمەندە بولغانلىقىدىن غالجىرلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا تېيەن يۈيگۈينى تۈرمىدە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئۇ قۇربان بولغاندا 24 ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلىش يۈزىسىدىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1985 - يىل 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تېيەن يۈيگۈينى ئىنقىلابىي قۇربانلار قاتارىغا كىرگۈزۈشنى تەستىقلىدى.

ئاساسەن، مەكتەپكە ھەر مىللەت ياشلىرى قوبۇل قىلىنىپ، مەخسۇس كەسپلەر بويىچە تەربىيىلىنىدۇ. تىيەنيۈيگۈي شەخسەن ئۆزى ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئاقسۇنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تەربىيىلەپ بېرىدۇ. تۆتىنچىدىن، ئوقۇتۇشقا نازارەت قىلىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەيدۇ. ئۇ دائىم ناھىيە بازارلىرى، يېزا-كەنتلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. تيەن يۈيگۈينىڭ بېرىلىپ خىزمەت ئىشلىشى نەتىجىسىدە ئاقسۇنىڭ مائارىپ ئىشلىرى بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ناھايىتى زور تەرەققىي تاپىدۇ. بۇرۇن بۇ يەردە ئاران بىر نەچچىلا دىنىي مەكتەپ بار ئىدى. دېھقانلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش پۇرسىتى يوق دېيەرلىك ئىدى. كومپارتىيە ئەزالىرى ئاقسۇغا كېلىپ مەكتەپ ئاچقاندىن كېيىن، نۇرغۇن پەننىي مەكتەپ ئېچىلىپلا قالماستىن، دىنىي مەكتەپلەردىمۇ دېھقانلارنىڭ پەرزەنتلىرى مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.

ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە شۇنچىۋالا تەرەققىي تاپقانلىقى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولىدۇ. ئەكسىچە

دۇقى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ تارباغاتايىغا كەلگەن. شىنجاڭغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەرلىككە ئالمىشىپ تارباغاتاي ئاپتوموبىل ئىدارىسىدە بۆلۈم خادىمى بولۇپ ئىشلىگەن. 1936 - يىل 6 - ئايدا دىخۇا (ئۈرۈمچى) غا كېلىپ، شىنجاڭ ترانسپورت باشقۇرۇش ئىدارىسىدە بۆلۈم خادىمى، كاتىپ قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1938 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ سىياسىي ئىقتىساد فاكۇلتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن. 1939 - يىل 4 - دېكابىر شېڭشىسەي تەرىپىدىن «توپىلاڭ قىلىش سۇيىقەستىدە بولغان» دېگەن باھانە بىلەن قولغا ئېلىنىپ، 1942 - يىلى ئەتىيازدا پاجىئەلىك قەتلى قىلىنغان.

داڭگۇ كىچىكىدىنلا ئەقىللىق، تىرىشچان، قەيسەر، ئىرادىلىك بالا ئىدى. ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشى نامرات، پەقەت ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەمگىكىگە تايىنىپ جان باقماق تەس بولغانلىقتىن ئۇ دائىم ئاتا - ئانىسىغا ياردەملىشىپ چامىسى يەتكەن ئىشلارنى قىلىپ بېرەتتى. ئاتا - ئانىسىمۇ ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى ھەمدە كەلگۈسىدە ئۇنىڭ ياراملىق ئادەم بولۇپ يېتىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇڭا داڭگۇ توققۇز ياشقا كىرگەندە ئائىلىسىدىكىلەر يىمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكنى قىسىپ ئۇنى ئائىلىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا بەردى.

# ئوت يۈرەك ياش داڭگۇ

## لۈياپىڭ (يازغان) جۇياڭگۇي، چېن دىجۈن

داڭ گۈنىڭ ئەسلى ئىسمى داڭ يۈيكۈن، جىلىن ئۆلكىسى نىڭئەن ناھىيىسىدىن (ھازىر خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىگە قارايدۇ)، 1915 - يىل 1 - ئايدا ئاددىي ئەمگەكچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. توققۇز يېشىدا ئوقۇشقا كىرىپ، 1930 - يىل 9 - ئايدا ئەلا نەتىجە بىلەن جىلىن شەھەرلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرگەن. 1931 - يىل «18 - سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن كېيىن، ياپون جاھانگىرلىكى شەرقىي شىمالنى بېسىۋالغاندا ئۇ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەشكە ئاتلانغان. 1931 - يىل 10 - ئايدا شەرقىي شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوشۇنغا قاتنىشىپ، يېشى كىچىك بولغانلىقتىن كولۇمبىر (خەۋەردار) پىيادە ئەسكەرلەر 2 - لۈيىنىڭ ئوفىتسېر تەربىيىلەش سىنىپىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شەرقىي شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سېپىگە تەقسىم قىلىنغان. ئۇرۇشتا قىسىم مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، 1933 - يىلى ئەتىيازدا ئەسلى قىسىمنىڭ قال-

1931 - يىلى 18 - سېنتەبىر ياپون جاھانگىرلىكى شەرقىي شىمالغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىدى. ئۈچ ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە شەرقىي ئۈچ ئۆلكە قولدىن كەتتى. ۋەتەنىمىزنىڭ گۈزەل تاغ - دەريالىرى ياۋۇزلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي داڭگومۇ ئوقۇشتىن توختىدى. ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ۋەھشىلەرچە تاجاۋۇزچىلىقى، گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ قارشى تۇرماسلىق سىياسىتى داڭگۇنىڭ جاھانگىرلىككە بولغان كۈچلۈك غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىدى. «18 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ بىرقانچە يېقىن ساۋاقداش، دوستلىرى بىلەن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش تەشەببۇسىغا ئاۋاز قوشۇپ، ياپون جاھانگىرلىكىگە بولغان چەكسىز غەزەپ - نەپرىتى بىلەن شەرقىي شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوشۇنغا قاتنىشىپ، ھەربىي ھاياتىنى باشلايدۇ.

1931 - يىل 10 - ئايدا، جۇڭگو كومپارتىيىسىدىن دۇڭجىنۋىن، چېڭپېيفۇ قاتارلىق يولداشلار ياپونغا قارشى كۈچلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، خېيلوڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ كولۇمبىرگە يوشۇرۇن بېرىپ، ھەربىي گارنىزون قوماندانى قوشۇمچە خاربىن — مانجۇرىيە لىنىيىسى 2 - لۈيىنىڭ قوماندانى سۇبىڭۋىن بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ، ئۇنىڭ بىلەن كېڭەش ئېلىپ باردى. سۇبىڭۋىن دۇڭجىنۋىننىڭ ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىل-

داڭگو ئوقۇش پۇرسىتىنىڭ ئاسانلىقچە قولغا كەلمىگەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەچكە مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ناھايىتى تىرىشىپ ئوقۇيدۇ. ئائىلىسى كەمبەغەل، تۇرمۇشى جاپالىق بولغانلىقتىن ئىددىيە جەھەتتىن بالدۇر پىشىپ يېتىلىدۇ. ئۇ دائىم ساۋاقداشلىرىغا ئاسان قولغا كەلمىگەن ئوقۇش پۇرسىتىنى قەدىرلىشىمىز كېرەك — دەيدۇ. ئۇ جاپاغا چىداپ قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەنلىكتىن باشلانغۇچنى مەكتەپ بويىچە ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرىدۇ. ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەجرى بىكارغا كەتمەيدۇ. ئۇلار داڭگونى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ئىستىقبالى بار دەپ قاراپ، پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر مەسلىھەتلىشىپ ئائىلە تۇرمۇشى ھەر قانچە قىيىن بولسىمۇ ئۇنى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتۇشنى قارار قىلىدۇ. ئاتا - ئانىسىنىڭ تاپشۇرىقى، ئاكا - سىڭىللىرىنىڭ ئارزۇسى داڭگونىڭ بىلىمگە بولغان ئىنتىلىشىگە تېخىمۇ ئىلھام بولىدۇ. 1930 - يىلى كۈزدە ئۇ ئەلا نەتىجە بىلەن جىلىن شەھەرلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ كىرىدۇ.

داڭگو ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، تېخىمۇ تىرىشىپ ئوقۇپ بارا - بارا سىنىپ بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ئاساسىي شەخس بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ مىجەزى ياخشى، ئادىل بولغاچقا سىنىپتىكى ھەممەيلەن ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىشنى خالايتتى.

قىلمىشى ۋە تاكتىكىسى ئېگىنىڭ كۈچلۈكلىكى بىلەن دا-
ئىم ماختاشقا سازاۋەر بولىدۇ. قارىغا ئېتىش، ھەربىي
تېخنىكا، ئۆلچەش، سىزىش قاتارلىق ئالتە پەندە ئەلا
نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. ھەربىي ئىشلار نەزەرىيىسىنى يۇ-
قىرى كۆتۈرۈپ، ستراتېگىيە ۋە تاكتىكىنى ئۆگىنىش
ئۈچۈن، ئوقۇغۇچى ئەسكەرلەر لىيەنى 1932 - يىلى 7 -
ئايدا، تەلىم - تەربىيە سىنىپىغا ئۆزگەرتىلىپ، يېنىمۇ
چوڭقۇر ئىزدىنىپ، يىڭ، تۇەننىڭ مەشقىنى داۋاملىق
تاماملايدۇ. داڭگۇ ۋە كۇرسانتلار تولۇپ - تاشقان ئىن-
شەنچ بىلەن، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ دۈشمەننى
يوقىتىش ماھارىتىنى ئۆگىنىدۇ. كەڭرى كەتكەن كولۇم-
بىر يايلىقىدا تاڭ نۇرى بىلەن تەڭ دەرسكە كىرىشىپ
بىپايان يايلاق ۋە قېلىن قارغايزارلىقتا چېپىپ يۈرۈپ
ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىدۇ،
گۈگۈم چۈشكەندىلا جەڭ مارشىنى ياڭرىتىپ گازارمىغا
قايتىشىدۇ. كومپارتىيە ئەزاسى دۇڭجىنۋېن
قاتارلىق يولداشلارنىڭ قوماندانلىقىدا
داڭگۇ ۋە كۇرسانتلار بەزىدە ئىنتېرناتسىئونال شېئىرىنىمۇ-
ياڭرىتىدۇ. تەلىم - تەربىيە سىنىپىدىكى ساۋاقداشلار ساغلام
ئۆسۈپ يېتىلىپ، ۋەتەن ۋە مىللەتنى مۇنقەرزلىكتىن
قۇتقۇزۇش ئىشىغا بارلىقىنى بېغىشلاشقا تەييارلىنىدۇ.

1932 - يىل 10 - ئايدا، تەلىم - تەربىيە سىنىپى تۇ-
رۇشلۇق سۇبىڭۋىن رەھبەرلىكىدىكى پىيادە 2 - لۇي بىر
ھەزگىل رەتكە سېلىنىپ كېڭەيتىپ تەشكىللەنگەندىن كې-

لەپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوشۇنغا قاتنىشتۇرۇش تەكلىپىنى قوبۇل قىلىدۇ. داڭگو ۋە ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە يېتىپ كېلىدۇ. سۇبەڭۋىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچنى كېڭەيتىش ۋە تولۇقلاش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بازىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنى قوللاپ ۋە ئۇلارنى تەشكىللەپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەزلىكتىن قۇتقۇزۇش تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇرىدۇ ھەمدە توپلانغان 300 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى ئىككى ئەترەت قىلىپ تەشكىللەيدۇ. داڭگو ئوقۇغۇچىلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى 1 - تەشۋىقات دۈيىگە تەقسىم قىلىنىدۇ. ئۇ ئۆز ئەترەتداشلىرى بىلەن بىرلىكتە پوقراچە كىيىنىپ گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ كوچىلارغا چىقىپ ۋە يېقىن ناھىيىلەرگە بېرىپ تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ. ئوقۇغۇچىلار تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، سۇبەڭۋىن 1932 - يىلى ئەتىيازدا، ئىككى جايدىكى تەشۋىقات ئەترىتىنى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇغۇچى ئەسكەرلەر لېيەنىنى قۇرۇپ ھەربىي مەشق ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ، ئوقۇغۇچى ئەسكەرلەر لېيەنىنىڭ مەشىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۇشنى ئاساسىي قىياپەت مەشقى قىلدۇرۇشتىن باشلاپ، ئارقىدىنلا بەن، پەي، لېيەن، يىڭ، تۇەن مەشىقىنى ئېلىپ بارىدۇ. ھەربىي مەشقتە داڭگو ئۆزىنىڭ جاپاغا چىدامچانلىقى، ھەرىكەتنى توغرا

دۇ. سوٚيۇملۇك ۋەتەن، سوٚيۇملۇك خەلقىم! بىز ئاخىرى قويىنىڭغا قايتىپ كەلدۇق!

قوشۇن شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، بىر قىسمى ئوٚلكە مەركىزى ئۇرۇمچىگە كېلىپ ئازراق قىسمى تارباغاتاي ھەربىي گارنىزون قوماندانلىق شتابىدا قالدۇ. داڭ گۇ خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن تارباغاتاي ھەربىي گارنىزون قوماندانلىق شتابىدا قېلىپ سەنمۇ-لۇق ۋەزىپىسىنى ئوٚتەيدۇ. كېيىن، ھەربىي گارنىزون قوماندانلىق شتابى تارقىتىۋېتىلگەنلىكتىن تارباغاتاي ئاپتوموبىل ئىدارىسىگە يوٚتكىلىپ يەرلىكتە خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ خىزمەتنى كوٚزۇنەرلىك ياخشى ئىشلىگەنلىكتىن 1936 - يىلى 6 - ئايدا ئۇرۇمچىگە يوٚتكىلىپ، شىنجاڭ ترانسپورت باشقۇرۇش ئىدارىسىدە بوٚلۇم خادىمى، كا-تىپ قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئوٚتەيدۇ. بۇ چاغدا داڭ گۇ-نىڭ سەپداش ۋە دوستلىرى ئۇنىڭ ئوٚلكە مەركىزىگە كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ ئىنتايىن خۇشال بولۇشـ-دۇ ۋە تېزلا ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئوتىنىڭ سىنىقىدىن ئوٚت-كەن داڭ گۇ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى ئۇرۇمچىگە كەلگەندىن كېيىن، نەچچە ئونلىغان تەشۋىقات ئەترىتىگە بوٚلۇ-نۇپ كوچىلارغا چىقىپ تەشۋىقات ۋەرەقلىرىنى چاپلاپ، ئاممىنى يىغىپ نۇتۇق سوٚزلەيدۇ. «ياپون جاھانگىرلى-رىنى يوقۇتايلى»، «ۋەتەنىنىڭ شەرقىي شىمال زېمىنىنى قايتۇرۇپ ئالايلى» دېگەن سادالار غەيپلەتتە ياتقان

يىن، ياپونغا قارشى 1 - سەپكە قايتا ئاتلىنىدۇ. ئۇلار ياپونىيىنىڭ كانتون ئارمىيىسى ۋە دۈشمەنگە يان تاياق بولغان قورچاق مانجوردىيە ئارمىيىسىگە دۈچ كەلگەچكە چەكسىز ئورمان قارلىق دالا ۋە بۈك قوناقلىقلاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ دۈشمەن بىلەن بىر يىلدىن كۆپرەك قانلىق ئېلىشىدۇ، ئاخىرى ئاشلىق ۋە ئوق دورا ئۈزۈلگەنلىكتىن دۆلەت چېگرىسىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ۋەتىنىنىڭ ئار نۇمۇسى داغگۇنىڭ دۈشمەندىن ئۆچ ئېلىش غەزەپ ئوتىنى تېخىمۇ يالقۇنجىتىدۇ. دۆلەت چېگرىسىدىن ئايرىلىش ئۇنى قاتتىق ئويغا سالىدۇ. ۋەتەنىنىڭ تاغ - دەريالىرىنى قايتا كۆرۈشنى ئويلاپ ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلىدۇ.

شەرقىي شىمال ياپونغا قارشى قوشۇن دۆلەت چېگرىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق 1933 - يىلى ئەتىيازدا، دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسى شىنجاڭغا يېتىپ كېلىدۇ. قوشۇن تارباغاتاي بىلەن شىنجاڭغا كىرگەندە تارباغاتايدىكى قېرى - ياش قېرىنداشلار رەڭدار بايراقلارنى پۇلاڭلىتىپ «شەرقىي شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوشۇنىنى قارشى ئالىمىز»، «شەرقىي شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوشۇنغا ئېھتىرام بىلدۈرىمىز» دېگەندەك شوئارلارنى ياڭرىتىپ قىزغىن قارشى ئالىدۇ. كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان مۇنداق مەنزىرىنى كۆرگەن داغ گوۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ كۆزىدىن ئىسسىق ياشلار تۆكۈلىدۇ.

سات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىدۇ. ئارزۇسى ئاخىرى ئە-
مەلگە ئاشىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا، شىنجاڭ شۆيۈەنىدە لى جىلۇنىڭ
رىياسەتچىلىكىدە «ئىتتىپاق بولۇش، جىددىي بولۇش،
ئاددىي - ساددا بولۇش، جانلىق بولۇش» تىن ئىبارەت
سەككىز سۆزلۈك مەكتەپ مىزانى بېكىتىلگەن، لى جىلۇ
قاتارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى شىنجاڭ شۆيۈەنىنى يېڭى-
ئەن «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىي - سەھبۇردى
داشۆ» گە ئوخشاش مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، يا-
پون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەلىم - تەربىيەنىڭ ئۈلگە-
سى قىلىشقا ئىرادە باغلىغانىدى. ئۇلار كانىسپېكنى
ئۆزلىرى تۈزۈپ، يېڭى پەلسەپە، يېڭى ئىقتىساد، يېڭى
خىزمەت ئىستىلى قاتارلىق دەرسلەرنى سۆزلەيدۇ. لى-
جىلۇ ۋە شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى چى تيەنمىن
(كومپارتىيە ئەزاسى)، ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئوقۇتقۇ-
چىسى ياڭ مىيشېڭ (كومپارتىيە ئەزاسى) قاتارلىقلار
ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىدىغان بىر كىچىك كوللېك-
تىپ بولۇپ ئۇيۇشۇپ، شىنجاڭ شۆيۈەنىنى كۆتۈرەڭگۈ
جۇشقۇن ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. داڭ گۇ بۇ كومپارتىيە ئە-
زالىرىنىڭ تەربىيىسىدە دەرسنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ،
ئىنقىلاب نەزەرىيىسىنى جاپاغا چىداپ تەتقىق قىلىپ،
ئىنقىلابىي نەزەرىيىگە ئائىت نۇرغۇن كىتابلارنى ئىش-
تىياق بىلەن ئوقۇپ چىقىدۇ. داڭ گۇ ئۆز ھېسسىياتىنى
ئەسلا يوشۇرمايتتى، سەممىي ئوچۇق - يورۇق ئىدى. ئۆگ-

ئۇرۇمچىنى ئويغىتىپ كۆتۈرەڭگۈ، جۇشقۇن يېڭى كەيپىيات پارلىققا كەلدۇ.

مەملىكەت ئىچىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، پرولېتارىيات مائارىپچىسى يولداش لىن جىلۇ 1938 - يىلى 4 - ئايدا، شىنجاڭ شۆيۇەننىڭ ئىلمىي مۇدىرى بولدۇ. يولداش لىن جىلۇ قايناق ئىنقىلابىي قىزغىنلىق ۋە مائارىپچىلىقتا ئەمەلىي تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغاچقا، ئۇ ۋەزىپە ئۆتىگەندىن كېيىن، مەكتەپ قىياپىتىدە كۆرۈنەرلىك يېڭىلىق ۋە ئۆزگىرىش بولۇپ، شىنجاڭدا زور تەسىر پەيدا قىلدۇ. كۆپلىگەن ئىرادىلىك ياشلار شىنجاڭ شۆيۇەنگە كېلىپ بىلىم ئېلىشقا ئىنتىلدۇ. بۇ، داڭ گۇنىڭ شىنجاڭ ترانسپورت باشقۇرۇش ئىدارىسىدە ئىشلەۋاتقان ۋاقتى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بولۇم خادىمىدىن ئىبارەت راھەت خىزمىتىدىن ۋاز كېچىپ، ئىنقىلاب ئوچىقى شىنجاڭ شۆيۇەنگە بېرىپ بىلىم ئاشۇرۇپ ئۆزىنى تاۋلاشقا ئىرادە باغلايدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆگىنىشكە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ماتېرىياللارنى يىغىپ تەييارلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ترانسپورت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ ئىشخانىسى ۋە ئۆيىگە ھارماي قاتراپ يۇمشاق ۋە قاتتىق تاكتىكىلارنى ئىشقا سېلىپ ئىمتىھان بېرىشكە رۇخسەت قىلىشنى ئۆتۈنۈپ سورايدۇ ۋە ئاخىرى غەلىبە قىلدۇ. 1938 - يىلى 9 - ئايدا، داڭ گۇ ئەلا نەتىجە بىلەن شىنجاڭ شۆيۇەننىڭ سىياسىي ئىقتى-

لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلارنىڭ شىنجاڭ شۆيۈەندىكى جاپالىق خىزمىتى ئىلغار ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. بىراق مىلىتارىست شىڭ شىسەينىڭ ھەسەتخورلۇق ۋە ئۆچمەنلىكىنى قوزغايدۇ. ئۇ، لىن جىلۇ قاتارلىق كوممۇنىستلارنىڭ تەسىرىنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىپ كېتىشىدىن قورقۇپ، 1939 - يىلىنىڭ بېشىدا «باشقا ۋەزىپە ئۆتەيدۇ» دېگەن باھانە بىلەن لىن جىلۇ، چې تيەنمىن قاتارلىق يولداشلارنى ئۈرۈمچىدىن يۆتكەپ ئايرىم - ئايرىم جەنۇبىي ۋە شەرقىي شىنجاڭغا ئەۋەتىۋېتىدۇ. داڭ گۇ ۋە ساۋاقداشلىرى ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلارنى بىرمۇ بىر ئۇزىتىپ، كېيىن يەنە دىدار كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. لېكىن بۇنىڭ ھەقىقەتەن ھايات - ماماتلىق ۋىدالىشىش ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ.

داڭ گۇ سىنىپ بويىچە يېشى چوڭراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىدىيە جەھەتتە پىشقان بولغانلىقتىن، بەلگىلىك تەشكىللەش ۋە ھەرىكەتلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى. شۇڭا، 1939 - يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تىياتىر ئىشلىرى مەسئۇلى، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى، سىياسىي فاكۇلتېت سىنىپ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە سايلىنىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ئۆز ئىقتىدارىنى تولۇق نامايەن قىلىدۇ.

ىشتە دۈچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، دايىم لىن جىلۇنى ئىزدەپ تېپىپ يۈزتۇرانە سورايتتى ھەمدە ھەر قېتىم قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشەتتى. لىن جىلۇمۇ داڭ گۇ ئارقىلىق ساۋاقداشلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇراتتى.

لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلارنىڭ تەلىم بېرىشى ۋە داڭ گۇ ئۆزىنىڭ تىرىشىپ ئالغا ئىنتىلىشى بىلەن ئۇنىڭ بىلىم دائىرىسى كېڭىيىدۇ. ئىدىيە جەھەتتە تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىدۇ.

داڭ گۇ جانلىق، تېتىك بولغاچقا سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرى ئۇنى «پائالىيەتچى» دەپ ئاتىشاتتى. ئوقۇشقا كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ جاھانگىرلىققا قارشى ئويۇشمىغا قاتناشتى. ئۇنىڭ سۆز قابىلىيىتى ياخشى بولغاچقا، يولداش لىن جىلۇ شەخسەن ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلغان شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش كۈنى» (ھەر چارشەنبە) دە دايىم سەھنىگە چىقىپ نۇتۇق سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ شەرقىي شىمالدا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق ياپون فاشىزمىنىڭ رەزىل جىنايى قىلمىشلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، ھەر مىللەت ساۋاقداشلىرىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىپ، لىن جىلۇنىڭ ماختىشى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىدۇ.

1939 - يىلى 1 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، كومپارتىيە ئەزاسى گۇجىنشەن (چۇن زى) شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. ئاتاقلىق ۋەتەنپەرۋەر، ئىجتىمائىي سىياسىي پائالىيەتچى دۇجۇڭيۈەن ئەپەندى مەكتەپ مۇدىرى بولدى. دۇ جۇڭيۈەن تولۇپ - تاشقان سىياسىي قىزغىنلىق بىلەن زور ئىشلارنى قىلىشقا بەل باغلايدۇ ھەمدە شەخسەن ئۆزى ئىچكىرىگە بېرىپ ئۈچ چوڭ ماشىنىدا ئىنقىلاب نەزەرىيىسىگە دائىر كىتابلارنى ئېلىپ كېلىدۇ ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىكى مەشھۇر زاتلاردىن ماۋدۇن، جاڭ جۇڭشى قاتارلىقلارنى شۆيۈەنگە كېلىپ دەرس سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ماۋ دۇن، جاڭ- جۇڭشى قاتارلىقلار شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ دېموكراتىك، ئىلغارلىقتەك پارلاق مەنزىرىسىدىن ئىلھام ئېلىپ، ھېرىپ - چارچىغىنىغا قارىماي جىددىي، ئالدىراش مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىغا كىرىشىپ كېتىدۇ.

مەكتەپنىڭ ئىلمىي كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، ماۋدۇن بىلەن دۇجۇڭيۈەن ئەپەندى بىرلىكتە شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ مەكتەپ ژۇرنىلى «يېڭى بىخ» نى نەشر قىلىدۇ. سىياسىي ئىقتىساد فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇغۇچىسى جاۋپۇلىن ژۇرنالنىڭ باش مۇھەررىرلىكىگە، داڭگۇ ژۇرنالنىڭ تونجى باشلىقلىقىغا بەلگىلىنىدۇ. داڭگۇ بۇ ژۇرنالغا ئىنتايىن ئىشتىياق باغلايدۇ، خىزمەتلىرى ناھايىتى ئالدىراش بولغانلىقتىن گەرچە ژۇرنالغا ئۆزى

1939 - يىلى 1 - ئايدا، جاھانگىرلىككە قارشى باش ئۇيۇشما ھەر قايسى مەكتەپلەرنى دراما مۇسابىقىسىگە ئۇيۇشتۇردى. داڭ گۇ ۋە جاۋ پۇلىن (جاۋ مىڭ) نىڭ تەشكىللىشى بىلەن سىياسىي ئىقتىساد فاكۇلتېتى دېھقانلارنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى كۈرىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان دراما «ئۈچ يىللار» نى تەييارلىدى. درامىدا داڭ گۇ بىر ئىنقىلابىي ياشنىڭ رولىنى ئويناپ چىقتى، يولداش لىن جىلۇ ئۇ يۇن تەييارلاشقا شەخسەن ئۆزى يېتەكچىلىك قىلدى. دراما قويۇلغاندىن كېيىن تاماشىبىنلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى، بولۇپمۇ داڭ گۇ ئوينىغان رول كۆپچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

داڭ گۇ كۆپ تەرەپلىمە قابىلىيەتكە ئىگە ئىدى. رول ئېلىپلا قالماستىن ناخشىنىمۇ ياخشى ئېيتاتتى. ئۇ مەكتەپ ناخشا ئېيتىش پائالىيىتىنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىسى ئىدى، «قىلىچ مارشى»، «تەيخاڭشەن تېغىدا» قاتارلىق ياپونغا قارشى ناخشىلارنى ئېيتىشنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇ يەنە ئەدەبىيات ھەۋەسكارى بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى ئالاھىدە ياخشى كۆرەتتى. ئىنقىلاب نەزەرىيىسى كىتابلىرىنى داۋاملىق ئۆگىنىشتىن سىرت «تۆمۈر ئېقىن»، «تىنچ دون» قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنىمۇ كۆرۈپ چىققانىدى.

ئويۇن قويۇش، ئىجادىيەت ھەممىسى قولىدىن كېلەتتى. جاۋپۇلىنىڭ قەلەم قۇۋۋىتى ياخشى ئىدى. ئۇ مېنىڭ قوللىشىم ئارقىسىدا شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ تۇنجى ژۇرنىلى «يېڭى بىخ» نى ئويۇشتۇرۇپ، باش مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇلار يەنە مېنىڭ رىغبەتلەندۇرۇشۇم بىلەن سەھنە ئەسىرى (ئاخبارات دىراممىسى) «يېڭى شىنجاڭ مارشى» نى كوللېكتىپ يېزىپ چىقتى. بۇ، مەن شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن قاتناشقان تۇنجى قېتىملىق ئەدىبىيات-سەنئەت پائالىيىتى، مەن خېلى كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ بۇ ئەسەرگە قاش-كىرپىك سىزدىم. 1939-يىلى 5-ئاينىڭ ئاخىرىدا بۇ، خەنزۇ ئويۇشمىسى كۇلۇبىدا رەسمىي ئوينالدى. ئويۇن ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى، ئاخبارات دىراممىسىدىن ئىبارەت بۇ شەكىلنى شىنجاڭدىكى تاماشىبىنلار تېخى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى. بۇ دىراممىنىڭ ئارتىسلىرىنىڭ ھەممىسى شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، چاۋ گورىن ۋە داڭ گۇ باش رولنى ئېلىپ چىقتى. ئەسلى تۆت پەردىلىك ئىدى، ئۈچ پەردىگە قىسقارتىلىپ ئوينالدى. شىنجاڭ «12-ئاپرېل» ئىنقىلابىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ئوخشاش بولمىغان سىياسىي ئىجتىمائىي ئەھۋال سېلىشتۇرۇلۇپ، ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ غەلبىسىنى تەشۋىق قىلىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغانىدى». ①

ھاقالە يازالمىسىمۇ، لېكىن سىيلىشتۇرۇش، نەشىر قىلىش، تارقىتىش قاتارلىق ئىشلارغا شەخسەن ئۆزى قاتنىشىدۇ ۋە سۈرۈشتە قىلىدۇ.

ماۋدۇن دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئوقۇغۇچىلار ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ ئەدەبىيات - سەنئەت تالانتلىرى-نى بايقاپ ۋە تەربىيىلەپ، ئۇلارنى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا يېتەكلەيدۇ ھەمدە «تىياتىر تەتقى-قات ئۇيۇشمىسى» نى تەشكىللەپ قۇرۇپ چىقىدۇ. داڭگۇ بۇ ئۇيۇشمىنىڭ ئوقۇغۇچىلار تەرەپ ئاساسىي مەسئۇلى، جاۋپۇلىن، چاۋگورىن ئۇيۇشمىنىڭ ئاكتىپلىرى ئىدى. كېيىن ماۋدۇن ئەسلەپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «شىنجاڭ شۆيۈەندە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا باشلاپ ئۇرۇن ئۆتمەيلا ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلىدىغان بىر قانچە ئوقۇغۇچى مېنى ئىزدەپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى سىياسىي ئىقتىساد فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، جاۋپۇلىن، چاۋگورىن، داڭگۇلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ يېشى 20 ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ قىزغىن، بىلىمگە ئىنتىلىدىغان، ئارزۇ-ئىستەكى ئۇرغۇپ تۇرغان شۇنداقلا ئىدىيىدە ئىلغار ئىدى. بۇ مېنىڭ ئويلىمىغان يېرىمدىن چىقتى، مەدەنى-يەتتە قالاق شىنجاڭدا ئىدىيىدە ئىلغار مۇنداق ياشلارنىڭ بارلىقىنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن. داڭگۇ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ، تەشكىلاتچى ۋە ھەرىكەت-لەندۈرگۈچى ئىدى، جاۋگورىن ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەت-تە ئىقتىدارلىق بولۇپ، مۇزىكا چېلىش، رەسىم سىزىش،

مايتاغ قاتارلىق جايلاردا ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى تەشۋىقات ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.
داڭ كۇ ۋە ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى بارغانلا يېرىدە تام
ۋە سېم تاناپ تۈۋرۈكلىرى قاتارلىق كۆزگە ئاسان چېلىق-
قىدىغان جايلارغا ياپونغا قارشى شوئارلارنى يازدى. يا-
پون باسقۇنچىلىرىغا قارشى نوتۇق سۆزلىدى، ئويۇن قو-
يۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ يول ئۈستىدىكى
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. يازلىق
كانىكۇلدىكى خىزمەت ئۆمىكىنىڭ تەشۋىقاتىنىڭ تۈرتكىسى-
دە جايلاردىكى ئامما تۈركۈم - تۈركۈملەپ قىشلىق كې-
يىم - كېچەك ئىئانە قىلىش، ئالتۇن تەقدىم قىلىش پائا-
لىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ياردەم بېرىشكە زور تۆھ-
پە قوشتى.

داڭ كۇ خۇشخۇي، تۇرمۇشتا ئاددىي - ساددا ئىدى.
باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلەتتى. ئۇ
جەمئىيەتتىن قايتا شىنجاڭ شۆيۈەنگە بېرىپ ئوقۇغاچقا
ئەھۋالى باشقىلار بىلەن ئوخشىمايتتى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ
ئەسلى خىزمەت ئورنى ھەر ئايدا ئۇنىڭغا يەتتە يۈەن
بەش مو تۇرمۇش قوشۇمچە پۇلى بېرەتتى، مەكتەپ ئې-
غا ئىككى يېرىم يۈەن قوشۇمچە پۇل بېرەتتى. ئىككىسى-
نى قوشقاندا ئايلىق كىرىمى ئون يۈەن ئىدى. ئۇنىڭ
بۇ كىرىمى ساۋاقداشلىرىنىڭكىدىن خېلى كۆپ بولسىمۇ
لېكىن ئۇ بۇنىڭغا كىتاب ۋە زۆرۈر تۇرمۇش بۇيۇملىرى

1939 - يىلى يازدا، مەكتەپ مۇدىرى دۇجۇگيۇەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى تەشۋىق قىلىپ پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئىگىنى ئۆستۈرۈش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن، «شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ يازلىق كانىكولدا ئەلگە بېرىش خىزمەت ئۆمىكى» نى تەشكىللىدى. دۇجۇگيۇەننىڭ ئۆزى ئۆمەك باشلىقى، جاڭ جۇگشى مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولدى. بۇ مەزگىلدە مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋەيىۈەنجاڭى (رەئىسى) بولغان داڭ گۇ دۇجۇگيۇەننىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە تەشكىللەش، تەييارلىق كۆرۈش خىزمەتلىرىگە پائال قاتناشتى. خىزمەت ئۆمىكىنىڭ ئەلگە بېرىپ - كېلىش جەريانىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، رىغبەتلەندۈرۈش رولىنى ھەقىقەتەن ياخشى ئويناش ئۈچۈن، ئۇ ھېرىپ - چارچاشقا قارىماي ھەر تەرەپكە قاتراپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قاتارلىق ئورۇنلارغا ئۆزى بېرىپ يۇرتداشلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ ھەربىي كىيىم - كېچەك، كەمەر قاتارلىق سەھنە جابدۇقلىرىنى ئارىيەت ئېلىپ، ئەلگە بارغان مەزگىلدىكى ئويۇن قويۇش پائالىيىتىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ئەلگە بېرىش خىزمەت ئۆمىكى 1939 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يولغا چىقىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، سانجى، قۇتۇبى، ماناس، شىخو، جىڭ، ئىلى،

سىگە ئۇچرايدۇ. دۇجۇڭيۈەن مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ
قېلىپ ئىلاجسىزلىقتىن شۇ يىلى 10 - ئايدا، كېسەل
تۆپەيلىدىن خىزمەتتىن ئىستېپا بېرىش دوكلاتىنى يازى-
دۇ. شېڭ شىسەي بۇنىڭغا دەرھال قوشۇلىدۇ ھەمدە ئۇ-
نىڭ ئەركىنلىكىنى چەكلەپ ئۇنى نەزەربەند ئاستىغا
ئالىدۇ. بۇ چاغدا شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ «ئىلغار» لىق
نىقابىنى پۈتۈنلەي يىرتىپ تاشلىمىغان بولسىمۇ، لېكىن
تۈرلۈك جىنايەتلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، شىنجاڭ شۆ-
يۈەندىكىلەر بولۇپمۇ تەرەققىپەرۋەر زاتلارغا تۈرمىگە
سولاش ۋە قانلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىش سىياسىتىنى
يۈرگۈزىدۇ. دۇجۇڭيۈەن ئەپەندىنىڭ ئارقىدىنلا گوجىن-
شەن، تۇجىڭ، يۈي سۇن، جاۋدەن قاتارلىق يولداشلار
ۋە داڭ گۇ، چاۋ گوردىن، لو جىڭ قاتارلىق ئوقۇغۇچى-
لارنى ئىلگىرى - كېيىن تۈرمىگە سولايدۇ.

1939 - يىلى 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كەچتە،
داڭ گۇ سىنىپتا دەرس تەييارلاۋاتتى. بۇ ۋاقىتتا، چا-
قىرىلمىغان ئىككى مېھمان مەكتەپنىڭ بىر خىزمەتچىسى-
نىڭ باشلامچىلىقىدا داڭ گۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا
بولۇپ ئۇنىڭغا: «كۇدە - كۆرپەڭ ۋە نەرسە كېرەكلىرى-
ڭنى يىغىشتۇرغىن، شېڭ دۇبەن سەن بىلەن سۆزلەش-
مەكچى» دەيدۇ. داڭ گۇ قولغا ئېلىنىدۇ. ئاق
تېررورلۇق پۈتۈن مەكتەپنى قاپلايدۇ، سا-
ۋاقداشلارنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ، بەزى-
لىرىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ ياش تۆككەن

نى سېتىۋالغاندىن تاشقىرى ھەرگىز بەتخەجلىك قىلمايت-
تتى. سىنىپتىكى بەزى ساۋاقداشلىرى ئىقتىسادىي جەھەت-
تىن قىيىنىلىپ قالغاندا ھامان ئۇلارنىڭ ھاجىتىدىن
چىقاتتى.

دۇ جۇگيۇەن ئەپەندى شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ مۇدىرلىق
ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەندىن كېيىن، يەنىلا يولداش لىن جىلۇ
تەشەببۇس قىلغان سەككىز سۆزلۈك مەكتەپ مىزانى ۋە
«نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش» ئوقۇتۇش
فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، مەكتەپنى باشقۇرۇشتا تىرىشچان-
لىق كۆرسىتىپ، ياپون باسقۇنلىرىغا قارشى تەشۋىقاتنى
پائال ئېلىپ باردى. بۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت
خەلقى بولۇپمۇ ياش زىيالىيلار ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك تە-
سىر قوزغايدۇ. بىراق شېڭ شىسەينىڭ يېغىرىغا تېگىپ
ئۇنىڭ ھەسەتخورلۇقى ۋە غەزىپىنى قوزغاپ قويىدۇ. شۇ-
ڭا ئۇ ھىيلە-مىكىرلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئىلغار زاتلارنىڭ
ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىنى تۈرلۈك ئاماللار بىلەن چەك-
لەيدۇ. 1939 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ،
شېڭ شىسەي ھەدىسىلا دۇ جۇگيۇن، ماۋدۇن قاتارلىق ئىل-
غار زاتلارنىڭ ئىشىدىن چاتاق تېپىپ، ئۇلارغا زەربە
بېرىدۇ ۋە بېسىم ئىشلىتىدۇ. 1939 - يىلى 8 - ئاي-
نىڭ ئوتتۇرىلىرى شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ يازلىق كانىكولدا
ئىلىغا بېرىش خىزمەت ئۆمىكى خىزمەتنى ئاياغلاشتۇرۇپ
ئەمدىلا ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىش بىلەن دۇجۇگيۇەن ئە-
پەندى شېڭ شىسەي باندىتلىرىنىڭ تۆھمەت ۋە زەربە-

كامىرغا سولايدۇ. پۈتۈن ئەنزە نەچچە يۈز ئادەمگە چېتىلىدۇ. داڭگۇ، چاۋگوردىن قاتارلىق ساۋاقداشلارمۇ قايتىدىن بۇ يالغان ئەنزىگە كىرگۈزۈلىدۇ. 1942 - يىلى ئەتىيازدا داڭگۇ، چاۋگوردىن قاتارلىق نۇرغۇن ئىنقىلابىي ياشلار قاتىل شېڭشىسەيگە تېز پۈكۈشنى خالىمىغانلىقتىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قازا تاپىدۇ.

داڭگۇ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، ۋەتىنىنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن ئاخىرقى بىر تامچە قېنىنى تۆكتى. گەرچە ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئىرادىسى تېخى ئەمەلگە ئاشماستىن ئۇ دۇنياغا ناھەق كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئالىيجاناب ئەخلاقى ۋە يۈكسەك روھى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

ئۇنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1987 - يىل 5 - ئايدا، ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تونۇشنى قارار قىلدى.

---

① — «يېڭى ئەدەبىيات تارىخىي ماتېرىياللىرى» 1984 - يىل 4 - سانىدىكى ماۋدۇننىڭ ئەسلىمىسى «شىنجاڭ بوران - چاپقۇنلىرى» نىڭ 24 - بابىدىن ئېلىندى.

ھالدا ئۆز ئارا تۆۋەن ئاۋازدا: بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ داڭگۇدەك ياخشى ئوقۇغۇچىنى نېمە سەۋەبتىن تۇتۇپ كېتىشىدۇ؟ — دېيىشىدۇ.

داڭگۇ قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغاندىن كېيىن، دۈشمەن داڭگۇنىڭ ئاغزىدىن دۇجۇگېيۇەن ئەپەندى ۋە باشقا بەزى كومپارتىيە ئەزالىرىغا تۆھمەت قىلىنغان ماتېرىياللارغا ئېرىشىش غەرىزىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ داڭگۇنى تۆت قېتىم سوراق قىلىدۇ. داڭگۇ دۈشمەنگە باش ئەگمەيدۇ، ئۇ ئۆز ۋىجدانىنى قەتئىي ساقلاپ دۈشمەن بىلەن قەھرىمانلارچە ئېلىشىپ ئۇلار ئويدۇرۇپ چىققان بىمەنە پىتنە پاساتلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ دۈشمەننىڭ سۇيقەستىنى ئېچىپ تاشلايدۇ.

1940 - يىلدىن كېيىن، خەلقئارا ۋەزىيەتتە تېز ئۆزگىرىش بولغانلىقتىن، شىڭشىسەي گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە فاشىزمىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشتىكى كۈچلۈكلۈكىدىن قورقۇپ كېتىپ، ئۇزۇل - كېسىل ئوڭغا قاراپ ئېغىشقا باشلايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى تۇرۇپ، جياڭجېشىغا بېقىنىشقا تەييارلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەرەققىيپەرۋەر زاتلارغا شەپقەتسىزلەرچە زىيانكەشلىك قىلىش يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ. 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، شىڭشىسەي ئاتالمىش «ۋاڭجىڭۋېي سىستېمىسىدىكىلەرنىڭ توپلاڭ قىلىش سۇيقەستى ئەنزىسى» دېگەن باھانە بىلەن دۇجۇگېيۇەننى رەسمىي قولغا ئېلىپ ئالاھىدە

مەسئۇل مۇھەررىر: تۇرسۇن ئەمەت
مۇقاۋىنى رىن مىڭفېي لايىھەلىگەن
ھۆسنىخەتنى ھوشۇر ئەلى يازغان


**乌鲁木齐文史资料**

维文第七辑

中国人民政治协商会议乌鲁木齐市委员会
文史资料委员会编
新疆交通印刷厂印刷
1990年 6 月

---

定价： 1.50 元